# ئەڭگۈشتەر

**(مۇئمىنىنىڭ ھەمراھى)**

مۇھەممەد يۇسۇپ

**بسم الله الرحمن الرحيم**

ئەڭ گۈزەل ماختاش ۋە ئەڭ ئېسىل مەدھىيەلەر ئالەملەرنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە يېگانە رەببى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھ تائالانى چەن قەلبىمدىن مەدھىيەلەيمەن ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىمەن. ھەق دىننى بىزلەرگە يەتكۈزگەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد، دۇئا ۋە سالام يوللايمەن. ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە ۋە تا قىيامەتكىچە ئۇنىڭ يولىدا ماڭغان مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا بەخت -سائادەت تىلەيمەن.

ئۆلگىلىك مۇئمىن ئادەم دېگەن قانداق بولىدۇ؟ ئۇ نېمىلەرنى قىلىدۇ، نېمىلەرنى قىلمايدۇ؟ دېگەن ماۋزۇدا ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان پايدىلىنالايدىغان، ئاممىباپ بىر ئوقۇشلۇق تەييارلاشنى كۆڭلۈمگە پۈككەن بولساممۇ، ئىنسانلارنىڭ تولىسى تۈرمۇش ھەلەكچىلىكىدە ئالدىراش، ۋاقتى قىس، بوش ۋاقىتلىرىنى كىتاب ئوقۇش بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىگە بېرىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈشكە ئۆتكەن مۇشۇ زاماندا، چوڭ كىتاب يېزىش ۋە كۆپ سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنىغا، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىم پات-پات مۇراجىئەت قىلىپ پايدىلىنىپ ئۆزىنى تۈزەپ تۇرىدىغان، ئىخچام ۋە مەزمۇنلۇق بىر كىتابچە ھازىرلاشنى لايىق كۆردۈم.

مەن شۇ مەقسەت بىلەن ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن زۆرۈر دەپ قارالغان مەسىلىلەرنى ئىنتايىن ئىخچام شەكىلدە توپلاپ چىقىپ بۇ ئەسەرنى ھازىرلىدىم. ئىنسانلار ئەينەككە قاراپ ئۆزىنى كۆرۈپ ۋە شەكلىنى تۈزەپ تۇرغىنىغا ئوخشاش مۇئمىن قېرىنداشلىرىممۇ بۇ ئەسەرگە پات- پات قاراپ ئۆزىنىڭ ئەيىب- نۇقسانلىرىنى كۆرۈپ ۋە تۈزىتىپ تۇرۇشىنى، ھەمراھ قىلىپ يېنىدا ساقلاپ، مۇراجىئەت قىلىپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىپ، بۇ ئەسەرنىڭ ئىسمىنى «ئەڭگۈشتەر- مۇئمىنىنىڭ ھەمراھى» دەپ قويدۇم. ھەدىسلەرنىڭ مەنبەلىرىنى بېكىتىشتە «المكتبة الشاملة»[1] دېگەن تور كىتابخانىسى ئاساس قىلىنغان بولۇپ، ھەدىس توپلاملىرىنىڭ ۋە ھەدىسلەرنىڭ نومۇرلىرى مەزكۇر كىتابخانىدىكى نۇسخىسىغا ئاساسەن قويۇلدى.

جانابى ئاللاھ تائالادىن بۇ ئاددىي ئەسەرنى خەلقىم ئۈچۈن مەنپەئەتلىك قىلىپ بېرىشىنى ۋە بۇ ئەمگەكنىڭ ئەجىر- مۇكاپاتىنى ئىككى ئالەمدە تولۇق بېرىشىنى تىلەيمەن.

ـــمۇھەممەد يۈسۈپ

ھىجرى 1440-يىلى، زۇلقەئدە ئايىنىڭ 20- كۈنى،

مىلادى2019-يىلى، 23- ئىيۇل.

جىددە ـــ سەئۇدى ئەرەبىستان

مۇئمىن ئادەمدە بولۇشقا تېگىشلىك ئاساسلىق سۈپەتلەر

- تەقۋالىق
- ئىخلاس
- گۈزەل ئەخلاق
- ئىستىقامەت

---

(1) «المكتبة الشاملة» ـــ مۇكەممەل تور كىتابخانىسى بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان، تەخمىنەن 14000 پارچىدىن كۆپرەك ئىسلامىي كىتاب قاچىلانغان.

— راستچىللىق
— سۆيگۈ-مۇھەببەت
— ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرۇش
— ئىشلەش ۋە كۈرەش
— ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىش
— سەۋر - تاقەت
— شۈكۈر- قانائەت
— ئادالەت ۋە ھەققانىيلىق
— پىداكارلىق ۋە ساداقەتمەنلىك
— رەھىم-شەپقەت
— ئەپۇچانلىق

مۇئمىن ئادەمدە بولماسلىققا تېگىشلىك ئاساسلىق قىلىقلار

— قارا چاپلاش
— يالغان گۇۋاھلىق
— ئالدامچىلىق
— غەيۋەت
— زۇلۇم
— يالغانچىلىق
— ۋەدىسىدە تۇرماسلىق
— كىشلەرنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەش
— كىشلەرنى مەسخىرە قىلىش
— سۇخەنچىلىك
— ھەسەتخورلۇق
— گۇمانخورلۇق
— تەكەببۇرلۇق
— ئىسراپخورلۇق
— پارىخورلۇق

مۇئمىن ئادەمنىڭ داۋاملىق قىلىدىغان ئاساسلىق ئىشلىرى

— ئوقۇش، ئۆگىنىشتىن توختاپ قالماسلىق
— پەرزلەرنى مۇكەممەل ئورۇنداش، نەپلى ئەمەللەر بىلەن ئاللاھقا يېقىنلىق ئىزدەش
— ھاياتنىڭ ھەربىر دەقىقىسىنى ئىبادەتكە ئايلاندۇرۇش
— دىيانەتلىك، ياخشى كىشىلەرگە ئارىلىشىش
— تەۋبە- ئىستىغفار ئېيتىشنى ئادەت قىلىش
— قەلبىنىڭ ساغلاملىقىنى ساقلاش
— ئاللاھ تائالانى كۆپ ياد ئېتىش
— ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئوقۇلىدىغان زىكىر ۋە دۇئالارنى داۋاملاشتۇرۇش

## مۇئمىن ئادەمدە بولۇشقا تېگىشلىك سۈپەتلەر

ھەرقانداق بىر مۇئمىن ئادەمدە بولۇشى زۆرۈر بولغان سۈپەتلەرنىڭ ئاساسلىقى تۆۋەندىكىچە:

— تەقۋالىق
— ئىخلاس
— گۈزەل ئەخلاق
— ئىستىقامەت
— راستچىللىق
— سۆيگۈ-مۇھەببەت
— ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرۇش
— ئىشلەش ۋە كۈرەش
— ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىش
— سەۋر - تاقەت
— شۈكۈر - قانائەت
— ئادالەت ۋە ھەققانىيلىق
— پىداكارلىق ۋە ساداقەتمەنلىك
— رەھىم-شەپقەت
— ئەپۇچانلىق

# تەقۋالىق

تەقۋالىق _ دىنىمىزدا بۇيرۇلغان ئەمەللەرنى ئورۇنداش، مەنئى قىلىنغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن ساقلىنىش، ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىپ قويۇپ ئۇنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قېلىشتىن قورقۇش ۋە ئاللاھ تائالاغا، ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتىغا قارىتا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئىش كۆرۈش دېگەنلىك بولۇپ، تەقۋالىق كىشىلەرنىڭ تاشقى قىياپىتىگە قارىتىلغان نەرسە ئەمەس، ئۇ قەلبكە قارىتىلغان ۋە قەلبتە بولىدىغان ئەمەلدۇر. قىسقىسى، ئۆزىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك بولغان دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىنى بىلىپ، تولۇق ئورۇندىغان ئادەم تەقۋادار ئادەمدۇر.

ئەرەب تىلىدىكى «التقوى» (تەقۋا) دېگەن سۆز «ساقلىنىش»، «قوغدىنىش» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. نېمىدىن ساقلىنىش؟ تەبىئىكى، گۇناھتىن ساقلىنىش، ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا يولۇقۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش، دوزاخ ئوتىدىن ساقلىنىش ۋە ئۆزىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىشتۇر. ئەرەبلەرنىڭ «اِتَّقَى بِتَرَسِهِ» يەنى (قالقىنى بىلەن ئۆزىنى قوغدىدى) دېگەن سۆزى ۋە ساھابىلارنىڭ ئۇھۇد غازىتىدا ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىغا كېلىۋېلىپ دۈشمەنلەرنىڭ ئوقيالىرىدىن ساقلانغانلىقىنى«اِتَّقَيْنَا بِرَسُوْلِ اللّٰهِ »[2] دەپ ئىپادىلىگەنلىكى بۇنىڭ مىسالى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەقۋالىقنى قىلىپ: «بىر- بىرىڭلارغا كۆرەلمەسلىك قىلىشماڭلار، ئۆزۈڭلار ئالمايدىغان مالنى باشقىلارغا سېتىش ئۈچۈن ئۇلارنى زىيانغا ئۇچرىتىپ بۇ مالنى ماختاپ ئۇنىڭ باھاسىنى ئاشۇرماڭلار، بىر- بىرىڭلارغا ئاداۋەت تۇتماڭلار، بىرىڭلارغا تۇزاق قۇرۇشماڭلار، بىر- بىرىڭلارنىڭ سودىسى ئۈستىگە سودا قىلماڭلار، ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ئۆزئارا قېرىنداش بولۇڭلار! مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، مۇسۇلمان مۇسۇلمانغا زۇلۇم قىلمايدۇ، ياردەمگە مۇھتاج بولغان چېغىدا ئۇنى تەرك ئەتمەيدۇ، ئۇنى خار ۋە ھېقىر كۆرمەيدۇ دېگەن» ئاندىن قولى بىلەن كۆكسىگە ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ: «تەقۋالىق بۇ يەردە!»(3) دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان. گويا يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تەقۋالىق دەپ سانىغان.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇبەييە ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن تەقۋالىق ھەققىدە سورىغاندا، ئۇ: «سىز تىكەنلىك يولدىن مېڭىپ باققانمۇ؟» دەپ سورىغان. ئۆمەر: «ھەئە» دېگەندە، ئۇبەييە يەنە ئۇنىڭدىن: «قانداق ماڭدىڭىز؟» دەپ سورىغان. ئۆمەر: «پۇتۇمغا تىكەن كىرىپ كەتمىسۇن دەپ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ماڭدىم» دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ ۋاقىتتا ئۇبەييە ئۇنىڭغا: «تەقۋالىق دېگەن ئەنە شۇنداق بولىدۇ»(4) دېگەن. يەنى تىكەنلىك جايدىن ماڭغان ئادەم پۇتۇمغا تىكەن كىرىپ كەتمىسۇن دەپ ئېھتىياتچانلىق بىلەن مېڭىش ئارقىلىق ئۆزىنى زىيان- زەخمەتتىن قوغدىغاندەك، تەقۋادار ئادەممۇ ھاياتلىق مۇساپىسىدە گۇناھ، يامان ئىشلارنى سادىر قىلىپ قويۇپ ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا ئۇچراپ قالماسلىق ئۈچۈن ھەمىشە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئىش كۆرىدۇ.

تەقۋادارلىق مۇئمىن ئادەمنىڭ يەتمەكچى بولغان مەنزىلى ۋە ئەڭ مۇكەممەل ئۇنۋانىدۇر. ئاللاھ تائالا تەقۋادارلارنى قۇرئان كەرىمنىڭ بېشىدىلا ماختاپ مۇنداق دېگەن: (**الم . ذَلِكَ الْكِتَابُ لَا رَيْبَ فِيهِ هُدًى لِلْمُتَّقِينَ**) يەنى «ئەلىف، لام، مىيم. بۇ كىتابتا ھېچ شەك يوق، (ئۇ) تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر»[5]. تەقۋادارلار ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشىلەردۇر. (**إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِنْدَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ**) يەنى «ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ھۆرمەتلىك سانىلىدىغىنىڭلار ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلاردۇر»[6]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كىشىلەرنى جەننەتكە ئەڭ كۆپ كىرگۈزىدىغان نەرسە نېمە؟ دەپ سورالغاندا، «تەقۋالىق بىلەن گۈزەل ئەخلاق»[7] دەپ جاۋاب بەرگەن. تەقۋادارلار ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولىدۇ. ( **إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُتَّقِينَ**) يەنى «ئاللاھ تەقۋادار كىشىلەرنى دوست تۇتىدۇ»[8].

---

[2] «مسند الإمام أحمد» 2- توم، 307- بەت، 1042- ھەدىس.

(3) «صحيح مسلم» 4-توم، 1986-بەت، 2564-ھەدىس، «مسند الإمام أحمد» 13-توم، 159-بەت، 7727-ھەدىس.

(4) «تفسير ابن كثير» 1- توم، 164- بەت.

[5] بەقەرە سۈرىسى: 1-2- ئايەتلەر.
6 49- سۈرە ھۇجۇرات، 13- ئايەت.
7 «سنن الترمذي» 3- توم، 431- بەت، 2004- ھەدىس.
[8] تەۋبە سۈرىسى:4- ئايەت.

تەقۋالىق ئەمەل-ئىبادەتنى كۆپ قىلىش ياكى كۆپ خەير-ساخاۋەت قىلىش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى قەلبنى پاك تۇتۇش، دىلغا ئاللاھ تائالادىن قورقۇش تۇيغۇسىنى يەرلەشتۈرۈش، دىن ۋە دۇنيالىق ھەرقانداق بىر ئىشنى ئاللاھ تائالا مېنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ ۋە مەندىن ھېساب ئالىدۇ، دېگەن ھېس-تۇيغۇ بىلەن قىلىش دېگەنلىكتۇر. چۈنكى تەقۋادارلىق دېگەن قەلبتە بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىپادىسى ئەخلاقتا كۆرۈلىدۇ.

ئەپسۇسكى، زامانىمىزدا نۇرغۇن كىشىلەر تەقۋادارلىقنىڭ ئىپادىسىنى ئەخلاق - پەزىلەتتە ئەمەس، بەلكى سىرتقى كۆرۈنۈشىدە ۋە بەزى ئىبادەتلىرىدە ئىپادىلەپ كۆرسىتىدىغان بولۇپ قالغان. چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە دىن ۋە دىندارلىق ئاشۇ چەكلىك ئىبادەتلەرگە مەركەزلىشىدۇ. شۇڭا ئۇلار ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش، يالغان ئېيتىش، ساختىپەزلىك قىلىش، ھارام يېيىش، كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزۈش، ئەزىيەت بېرىش قاتارلىق قىلمىشلارنى سادىر قىلىشتىن ھېچ ئىككىلىنىپ قالمايدۇ. يەنە مۇشۇ كۈنلەردە تور دۇنياسىدا ئۆزىنىڭ ئەركەك ياكى چىشى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان، دادىسى قويغان ئۆز ئىسمى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشقا جۈرئىتى بولمىغان، نامسىز تور قەھرىمانلىرى كۆپىيىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق دەردى كۆزگە كۆرۈنگەن شەخسلەرنى سۆكۈش، ئۇلارنى خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنۇش، خەلقى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەۋاتقان تەشكىلاتلارنى ئېتىبارسىزلاشتۇرۇشقا تىرىشىش، كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا ئىناقسىزلىقنىڭ ۋە جېدەل-ماجىرانىڭ ئۇرۇقلىرىنى سېلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئۇلارنى تۇتاي دېسىڭىز سېپى يوق، چاقىراي دېسىڭىز ئىسمى يوق. ئۇلاردا ئاللاھ تائالادىن قورقۇش تۇيغۇسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەيدۇ ۋە يازىدۇ. ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدىن چىققان ئۆلىمالارنىڭ، زىيالىيلارنىڭ ۋە سىياسەتچىلەرنىڭ سۆزلىرىگە ياكى يازمىلىرىغا ئەدەپسىزلەرچە قوشۇق سېلىشتىن ۋە ئۇلارنى سۆكۈشتىن چېكىنمەيدۇ. ئۇلار بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى شۇلارغا تەڭ قىلىپ كۆرسەتكۈسى كېلەمدۇ ياكى ھەسەت قىلامدۇ ۋە ياكى باشقا غەرىزى بارمۇ، بۇ تەرىپىي تازا ئېنىق ئەمەس، يەنە بەزىسى ئۆزىدە قارشى تەرەپنىڭ سۆزلىرىنى ياكى يازمىسىنى چۈشىنىدىغان ئەقىل ۋە قابىلىيەت يوق تۇرۇپ، ئۇلارغا چەندەك ئاتىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇلار ئۆزىنى مۇسۇلمانلارنىڭ قاتارىدىن ساناپ تۇرۇقلۇق، ئاللاھ تائالانىڭ (**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آَمَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ وَقُولُوا قَوْلًا سَدِيدًا**) يەنى«ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە توغرا سۆزنى قىلىڭلار»[9]، (**مَا يَلْفِظُ مِنْ قَوْلٍ إِلَّا لَدَيْهِ رَقِيبٌ عَتِيدٌ** ) يەنى «(ئىنسان) قانداقلا بىر سۆزنى قىلسۇن، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ يېنىدا كۆزىتىپ يازىدىغان پەرىشتە بولىدۇ»[10] دېگەن سۆزلىرىگە قۇلاق سالمايدۇ، بۇ ئايەتلەر ئۈستىدە بىرەر قېتىم بولسىمۇ تەپەككۇر قىلىپ كۆرمەيدۇ.

سۆزلەنگەن ھەربىر سۆزنىڭ، يېزىلغان ھەربىر يازمىنىڭ ئەلۋەتتە مەسئۇلىيىتى بار. شۇڭا، ھەربىر سۆزنى ئېغىزدىن چىقىرىشتىن، ھەربىر يازمىنى يېزىپ تارقىتىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ توغرا-خاتالىقىنى، ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ئويلاش كېرەك. چۈنكى نۇرغۇنلىغان يازمىلار ۋە سۆزلەر ئۇنى يازغان ياكى ئېيتقان كىشىگە بىر ئۆمۈر پۇشايمانلىق ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. خۇيمۇ تىللىۋالدىم، ئوبدان بىر ئەدىپىنى بېرىۋالدىم، دەپ ئېغىزىنى ۋە قەلىمىنى قويۇۋەتكەن بىلەن، ئاللاھ تائالاغا ئۇنىڭ ھېسابىنى بېرىش ئوڭاي ئەمەس. بۇنداقلارنىڭ قانچىلىك كۆپ ساۋابلىق ئەمەللىرى بولغان بولسىمۇ، بۇ ئەمەللىرى ئۇلارنىڭ ئىنسانلارغا قىلغان يامانلىقلىرىنىڭ جازاسىنى ھەرگىز يېپىنكلىتەلمەيدۇ، ئەكسىچە، ئۇنىڭ بۇ قىلمىشلىرى ياخشى ئەمەللىرىنى يەپ كېتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ساھابىلىرىدىن: «كىمنىڭ قۇرۇق قول قالغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورىغاندا، ساھابىلەر: «ھېچقانداق مال– مۈلكى بولمىغان كىشىنى قۇرۇق قول قالغۇچى دەيمىز» دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قىيامەت كۈنى بىراۋ ناماز، زاكات ۋە روزا بىلەن كېلىدۇ. ئەمما ئۇ بىرىنى تىللىغان، بىرىگە تۆھمەت چاپلىغان، بىرىنىڭ مېلىنى يەۋالغان، بىرىنىڭ قېنىنى تۆككەن، بىرىنى ئۇرغان بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرى شۇلارغا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرى تۈگىسە، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى ئۇنىڭغا ئارتىلىدۇ. ئاندىن ئۇ دوزاخقا تاشلىنىدۇ. مانا بۇ، مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ قۇرۇق قول قالغۇچىسىدۇر»[11] دېگەن.

---

[9] ئەھزاب سۈرىسى:70- ئايەت.

[10] قاف سۈرىسى: 18- ئايەت.

(11) «صحيح مسلم» 4- توم، 1997- بەت، 2581- ھەدىس.

## ئىخلاس

ئىخلاس — ھەرقانداق بىر ئەمەل- ئىبادەتنى ئاللاھ تائالا ئۈچۈنلا قىلىش، ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشتىن باشقا بىر مەقسەتنى ئويلىماسلىق دېگەنلىكتۇر. ئىخلاس ئەمەل - ئىبادەتلەرنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن شەرتتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەپ بۇيرۇغان: (**قُلْ إِنِّي أُمِرْتُ أَنْ أَعْبُدَ اللَّهَ مُخْلِصًا لَهُ الدِّينَ**) يەنى «ئېيتقىنكى، ھەقىقەتەن مەن دىننى ئاللاھقا خاس قىلىپ ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدۇم»[12]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەمەللەر پەقەت نىيەتلەرگە باغلىقتۇر، ھەرقانداق ئادەم ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان كىشىنىڭ ھىجرىتى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۈچۈن بولۇپ قوبۇل قىلىنىدۇ، كىمكى مال _ دۇنياغا ئېرىشىشنى ياكى بىرەر ئايالغا ئۆيلىنىشنى كۆزلەپ ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ھىجرىتى شۇنىڭ ئۈچۈن بولىدۇ»[13]. بۇ ھەدىس ئەمەل- ئىبادەتلەرنىڭ قوبۇل بولۇش ياكى رەت قىلىنىش پرىنسىپىنى بەلگىلىگەن بولۇپ، ھەرقانداق ھەدىس توپلىمىدا بىرىنچى ھەدىس بولۇپ تىزىلغان. بۇ ئۇنىڭ ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئىمام شافىئىي، ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل قاتارلىق ئۆلىمالار: «بۇ ھەدىس ئىسلامنىڭ ئۈچتىن بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ»[14] دېگەن.

ئىخلاس قەلب قېتىدىن كەلگەن سەمىمىي سۆيگۈ بىلەن كۆرسىتىلگەن ساداقەتتۇر. ئىخلاسنىڭ ئەكسى رىيادۇر. قىلىنغان ئىبادەت ۋە ھەر قانداق بىر ياخشى ئىشلاردا ھېچقانداق بىر مەنپەئەت ياكى پايدىنى كۆزلىمەستىن، پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى مەقسەت قىلىش ئىخلاسنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ھەقىقىي ئىخلاس ئۈچۈن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ قىسسىسى ئەڭ ياخشى ئۈلگە بولالايدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام زالىم نەمرۇد تەرىپىدىن ئوتقا تاشلانغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەن پەرىشتە جىبرائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ: «خالىساڭ ساڭا ياردەم قىلاي ۋە سېنى ئوتتىن قۇتۇلدۇراي» دېگەن تەكلىپىگە جاۋاپ بېرىپ: «رەببىم مېنىڭ بۇ ھالىمنى بىلىدۇ شۇنداقمۇ؟» دەپ سورايدۇ. جىبرىل: «ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە بىلىدۇ» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداقتا ساڭا ئېھتىياجىم يوق، ئاللاھ تائالانىڭ مېنىڭ بۇ ھالىمنى بىلىشى ماڭا يېتىدۇ»دەپ جاۋاپ قايتۇرىدۇ. مانا بۇ، ھەقىقىي چىن ئىخلاسنىڭ بىردىنبىر مىسالىدۇر.

ئىخلاس توغرۇلۇق كەلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەرگە ئاساسلانغاندا، نىجاتلىق يولى پەقەت ئىخلاستىدۇر. ئادەم بالىسىنىڭ ئىككى دۇنيالىق سائادىتى ۋە ماددىي، مەنىۋىيىتىگە كېپىللىك قىلالايدىغان ئىخلاستىن بۆلەك ئىككىنچى بىر خىسلەت يوقتۇر. بىراۋنىڭ ئىخلاسىنى قازانماق ھەقىقەتەن مۇھىم بىر ئىشتۇر. چۈنكى زەررىچىلىك ئىخلاس بىلەن قىلىنغان ئەمەل، ئىخلاسسىز قىلىنغان مىڭلارچە ئەمەل_ ئىبادەتتىن ئۈستۈندۇر.

ھەر قانداق بىر ئىشتا ئىخلاس تەلەپ قىلىنىدۇ. ناماز ئوقۇشتا، روزا تۇتۇشتا، زاكات بېرىشتە، ھەج قىلىشتا، ئىلىم تەھسىل قىلىشتا، قۇرئان تىلاۋەت قىلىشتا، يېتىم – يېسىرلارغا ياردەم قىلىشتا، ھالال رىزىق ئۈچۈن ئىشلەشتە ئىخلاس باغلاپ ئىش قىلىش لازىم. ھەر قانداق بىر ئىشنىڭ ئۆزىگە لايىق ئىخلاسى باردۇر، مەسىلەن: سەمىمىي ئىخلاس بىلەن باغلانغان مۇھەببەتنىڭ بىر زەررىسى بىرەر مەنپەئەت يۈزىسىدىن باغلانغان مۇھەببەتتىن ئەلۋەتتە چوڭ ۋە قىممەتلىكتۇر. چىن مۇھەببەتنى كۆرۈشنى خالىغان كىشى ئانىلارنىڭ تەبىئىتىگە قارىسا بولىدۇ. ھەقىقىي خالىس مۇھەببەتكە ئانىلار سازاۋەردۇر. ئۇلار پەرزەنتلىرى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان جاپا – مۇشەققەتلەرنى تارتىپ، چىن دىلىدىن بالىلىرى ئۈچۈن كۆيۈپ – پىشىپ، چوڭ قىلىدۇ. لېكىن ئۇ قىلغانلىرى ئۈچۈن بالىلىرىدىن بىرەر مۇكاپات ياكى سوۋغا _ سالام تاما قىلمايدۇ، بىرەر پايدا كۆزلىمەيدۇ. ئادەممۇ ئاللاھ تائالاغا ئىخلاس قىلغان ئىكەن، شۇنداق چىن ئەقىدە ۋە سۆيگۈ بىلەن ئىخلاس قىلغاندا، ئاندىن ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ھەقىقىي مۇخلىسىغا ئايلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا چىن ئىخلاس بىلەن قىلىنغان ئەمەل_ ئىبادەتلەرنىلا قوبۇل قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئىنسانلارنىڭ ئىبادەتلەرنى خالىس ئاللاھ تائالاغا قىلىشلىرىنى، دۇئالىرىنى سەمىمىي قىلىشلىرىنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

نىيەت — ئادەمنىڭ كۆڭۈل قېتىدا پەيدا بولىدىغان ۋە ئادەمنى بىر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بەل باغلاتقان ئوي _ پىكىردۇر. نىيەتنىڭ ئورنى قەلبتۇر. ھەر قانداق ئەمەل – ئىبادەت ئۇنى قىلغۇچىنىڭ نىيىتىگە قاراپ قوبۇل بولىدۇ ياكى رەت قىلىنىدۇ. ئەمەل – ئىبادەتلەر ئۇنى قىلغۇچىسىغا ئۇنىڭ نىيىتىگە قاراپ قەدىر _ قىممەت ياكى ئۇنىڭ ئەكسىچە ئەھۋال ئېلىپ

---

[12] زۇمەر سۈرىسى:11- ئايەت.

[13] «صحيح البخاري»1-توم، 6-بەت، 1- ھەدىس.

[14] «فتح الباري» 1- توم، 2- ھەدىس.

كېلىدۇ. ئەمەلسىز قۇرۇق نىيەت ئېتىبارغا ئېلىنمىغاندەك، نىيەتسىز ئەمەلمۇ پايدىسىزدۇر. ئىنساننىڭ يېيىش _ ئىچىشى، ئۇخلاپ دەم ئېلىشى، شۇنداقلا ئەر – ئاياللىق مۇناسىۋەتلىرىمۇ نىيەتنىڭ دۇرۇس بولۇشى بىلەن ئىبادەت قاتارىغا كىرىدۇ. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە: «سىلەرنىڭ ئەر _ ئاياللىق مۇناسىۋەتلىرىڭلاردا سەدىقىنىڭ ساۋابى بار» دېگەندە، ساھابىلەر بۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ: «يا رەسۇلۇللاھ! بىز ئۆزىمىزنىڭ شەھۋىتىنى قاندۇرساقمۇ ساۋاپ بولامدۇ؟» دېيىشكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئېيتىڭلارچۇ، ئەگەر سىلەر شەھۋىتىڭلارنى ھارام ئىش بىلەن قاندۇرساڭلار سىلەرگە گۇناھ بولامدۇ؟» دەيدۇ. ساھابىلەر: «ئەلۋەتتە گۇناھ بولىدۇ» دېيىشىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شۇنىڭدەك، سىلەر شەھۋىتىڭلارنى نىكاھلىق ئاياللىڭلار ئارقىلىق قاندۇرساڭلار، سىلەرگە ساۋاب بولىدۇ»[15] دېگەن.

نىيەت ئادەتتىكى ئىشلارنى ئىبادەتكە ئۆرۈيدىغان بىردىنبىر سېھىرلىك ماددىدۇر. فەقىھلەر (ئىسلام فىقھشۇناس ئالىملىرى)نىڭ قارىشىچە، نىيەت ئاللاھ تائالانى رازى قىلىشتىن ئىبارەت دۇرۇسلا بولىدىكەن، ئىنساننىڭ ئادەتتىكى ئىشلىرىمۇ ئىبادەت قاتارىدىن سانىلىدۇ. مەسىلەن: ھالالدىن رىزىقلىنىش ۋە باللىرىنى ھالال لوقما بىلەن يېتىشتۈرۈش يولىدا تىرىكچىلىك قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش ۋە ئىبادەتلەردە پائالىيەتچان بولۇش نىيىتى بىلەن يېيىش ۋە ئىچىش، مېڭىنى ياخشى دەم ئالدۇرۇش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر _ پەرمانلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئورۇنداش نىيىتى بىلەن ئۇخلاش ۋە تەن ساقلىقىنى ساقلاش ئارقىلىق شەرىئەت كۆرسەتمىلىرىنى ياخشى ئورۇنداش نىيىتى بىلەن تەنھەرىكەت قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىبادەتكە ياتىدۇ.

ئىبادەتتە كەيپىيات بەك مۇھىمدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئەمەل _ ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىش بىلەن ياكى كۆپ كىشىلەرنى دىنغا ئەگەشتۈرۈش بىلەن قازىنىلمايدۇ. بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى پەقەت ئىخلاس بىلەنلا قازىنىلىدۇ. شۇڭا بەزىدە بىرەر ئېغىز سۆز ياكى بىرەر ياخشى نىيەت ھەقىقىي سائادەتكە ۋە مەڭگۈلۈك نىجاتلىققا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، ئەمەل _ ئىبادەتلەرنىڭ كۆپ قىلىنىشىغا ئەمەس، قەلبتىكى ئىخلاسقا ۋە ئىبادەتنىڭ سۈپىتىگە قاراش كېرەك. چۈنكى ھەرقانداق ئەمەل- ئىبادەتنىڭ ۋە ياخشى ئىشلارنىڭ قىممەتكە ئىگە بولۇشى ئىخلاس بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا رازىلىقىنى كۆزلىمەستىن باشقا مەقسەت ۋە مەنپەئەتلەرنى كۆزلەپ قىلىنغان پۈتۈن ئەمەللەر ۋە ئىبادەتلەر بىكاردۇر. مەسىلەن: كۆمۈر كىلوگراممىا بىلەن ھەتتا تونىنلاپ، ئالتۇن بولسا گراممىلاپ تارتىلىدۇ. ئىخلاسلىق ئەمەل ئالتۇن بولسا، ئىخلاسسىز ئەمەل كۆمۈرگە ئوخشايدۇ. بۇ مىسالدىن ئىخلاسلىق ئىبادەت بىلەن ئىخلاسسىز ئەمەل_ ئىبادەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

15 «صحيح مسلم» 2- توم، 697- بەت، 1006- ھەدىس.

# گۈزەل ئەخلاق

ئەخلاق — ئىنساننىڭ روھىدا يەرلىشىپ ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان قىلىقلاردۇر.ئەخلاق كۈندىلىك تۇرمۇشتا چىقىلىدىغان دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، ئومۇمىيلىقى، رولى، تەسىرى ۋە تەربىيە جەھەتتىن مەنىۋى كۈچلەرنىڭ سەرخىلى ھېسابلىنىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئىككى تەرىپى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ماددىي تەرىپى تەن، مەنىۋى تەرىپى روھ دەپ ئاتىلىدۇ. روھنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئەمما ئىنسان روھىنىڭ تەسىرى بولغان ئەخلاقنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئەخلاق ـ گۈزەل ئەخلاق ۋە ناچار ئەخلاق دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

**گۈزەل ئەخلاق**

گۈزەل ئەخلاق ــــ ئۆزىمىزگە، ئەتراپىمىزدىكىلەرگە، جەمئىيەتكە ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولغان، دىنىمىزنىڭ پىرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن كەلگەن ۋە دىنىمىزدا بۇيرۇلغان ئىشلاردۇر. بۇ ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاقمۇ دېيىلىدۇ.

گۈزەل ئەخلاق دائىرىسىگە كىرىدىغان ياخشى ئىشلار ۋە ئادەتلەر ئىنتايىن كۆپ. مەسىلەن: ھەر ئىشتا توغرا، ئادالەتلىك، راستچىل بولۇش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ئامانەتكە ئىشەنچلىك، سۆيگۈ–ۋاپالىق، ئىمان ـ ئېتىقادلىق بولۇش، ئائىلىسىدىكىلەرگە مېھرىبان، ئاتا– ئانىغا ۋاپادار، ئۇرۇق – تۇغقانلارغا كۆيۈمچان، قوشنىلارغا ئەپۇچان، ھايۋانلارغا رەھىمدىل بولۇش، مەيلى دۇنيالىق بولسۇن، مەيلى ئاخىرەتلىك بولسۇن ئۆز ۋەزىپىسىنى بىلىش ۋە ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنداش، خاتالىقىنى دادىل ئېتىراپ قىلىش، ئەدەپلىك، جاسارەتلىك، سېخىي، مەرد، پاكىز، مەدەنىيەتلىك، كۆكسى– قارنى كەڭ بولۇش، ھەر ئىشتا ھەقىقەتنى كۆزلەش، ئۆزگە ئىشىنىش، ئۆزىگە يۆلىنىش، ۋىجدانلىق، غۇرۇرلۇق بولۇش، نومۇسىنى ساقلاشنى بىلىش، ۋەتەنگە، خەلققە ۋە پۈتۈن ئىنسانلارغا مەنپەئەتلىك بولۇش ۋە باشقىلار.

**ناچار ئەخلاق**

ناچار ئەخلاق ــــ ئۆزىمىزگە، ئەتراپىمىزدىكىلەرگە، جەمئىيىتىمىزگە ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە زىيانلىق بولغان، دىنىمىزنىڭ پىرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن كەلمىگەن ۋە دىنىمىزدا توسۇلغانلىقلاردۇر.

ناچار ئەخلاقلارنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ. مەسىلەن: يالغان ئېيتىش، ئالدامچىلىق قىلىش، ھارام يېيىش، ئاتا – ئانىنى قاقشىتىش، ئائىلىسىدىكىلەرنى رەنجىتىش، قوشنىلارغا ئازار بېرىش، خىزمەتداشلىرىغا چوڭچىلىق قىلىش، باشقىلارغا دۈشمەنلىك قىلىش، تۆھمەت قىلىش، كۆرەلمەسلىك، قورقۇنچاقلىق، سۆزىدە تۇرماسلىق، ھايۋانلارنى قىيناش، ھۇرۇنلۇق، تەمەخورلۇق، پۇرسەتپەرەسلىك، پىتنىخورلۇق، غەيۋەتخورلۇق ۋە باشقىلاردۇر.

**گۈزەل ئەخلاق ئىماننىڭ كامىللىقىغا دەلىلدۇر**

گۈزەل ئەخلاق ئىماننى تاكامۇللۇققا ئېلىپ بارىدىغان ۋە ئۇنى كۈچلەندۈرىدىغان ئامىلدۇر. دەرىجە جەھەتتە ئەخلاق بىلەن ئىمان بىر ئورۇندا تۇرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئەھمىيىتىنى بايان قىلىپ: «ئىمانى ئەڭ كامىل مۇئمىن ئەڭ ئەخلاقلىق كىشىدۇر»[16] دەپ كۆرسەتكەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇنداق ئادەم مۇئمىن بولالمايدۇ» دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان، بۇ ۋاقىتتا ساھابىلەردىن بىرى ئۇنىڭدىن: يا رەسۇلۇللاھ! ئۇ قانداق ئادەم؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قوشنىسى ئۇنىڭ ئاۋارىچىلىقلىرىدىن خاتىرجەم بولالمايدىغان ئادەم»[17] دەپ جاۋاب بەرگەن. يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن پەقەت گۈزەل ئەخلاقلارنى تولۇقلاش ئۈچۈنلا ئەۋەتىلدىم»[18] دېگەن.

گۈزەل ئەخلاق دائىرىسىگە كىرىدىغان ياخشى ئىشلار ۋە ئادەتلەر ئىنتايىن كۆپ. مەسىلەن: ھەر ئىشتا توغرا، ئادالەتلىك، راستچىل بولۇش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ئامانەتكە ئىشەنچلىك، سۆيگۈ– ۋاپالىق، ئىمان ـ ئېتىقادلىق بولۇش، ئائىلىسىدىكىلەرگە مېھرىبان، ئاتا– ئانىغا ۋاپادار، ئۇرۇق – تۇغقانلارغا كۆيۈمچان، قوشنىلارغا ئەپۇچان، ھايۋانلارغا رەھىمدىل بولۇش، مەيلى دۇنيالىق بولسۇن، مەيلى ئاخىرەتلىك بولسۇن ئۆز ۋەزىپىسىنى بىلىش ۋە ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنداش، خاتالىقىنى دادىل

---

(16) «سنن الترمذي» 2-توم، 457-بەت، 1162-ھەدىس.

(17) «مسند الإمام أحمد» 13-توم، 261-بەت، 7878-ھەدىس.

(18) «مسند البزار» 15-توم، 364-بەت، 8949-ھەدىس.

ئېتىراپ قىلىش، ئەدەپلىك، جاسارەتلىك، سېخىي، مەرد، پاكىز، مەدەنىيەتلىك، كۆكسى-قارنى كەڭ بولۇش، ھەر ئىشتا ھەقىقەتنى كۆزلەش، ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۆزىگە يۆلىنىش، ۋىجدانلىق، غۇرۇرلۇق بولۇش، نومۇسنى ساقلاشنى بىلىش، ۋەتەنگە، خەلققە ۋە پۈتۈن ئىنسانلارغا مەنپەئەتلىك بولۇش ۋە باشقىلار.

# ئىستىقامەت

ئىستىقامەت لۇغەتتە «تۈپتۈز، باراۋەر تۇرۇش» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ، ئىسلام ئاتالغۇسىدا «دىندا مۇستەھكەم تۇرۇش، دىنىنىڭ بارلىق چەكلىمىلىرىگە، كۆرسەتمىلىرىگە ئىزچىل ئەمەل قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى ئورۇنداپ، مەنئى قىلىنغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش» دېگەنلىكتۇر. خۇلاسە قىلغاندا، ئىستىقامەت — ھەر ئىشتا توپتوغرا بولۇش دېگەنلىك بولۇپ، ئەقىدە، ئەمەل، ئەخلاق، گەپ- سۆز، مۇئامىلە قاتارلىق بارلىق ئىشلاردا توپتوغرا، لىللاھ بولۇشنى تەقەززا قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى ئىستىقامەتنىڭ مەنىسى ناھايىتى تولۇق چۈشەنگەن ۋە مۇكەممەل ئەمەل قىلغان، ھەتتا ساھابىلەردىن بىرى «مەن مۇسۇلمان بولغان كۈنۈمدىن باشلاپ بىر ئېغىزمۇ يالغان ئېيتمىدىم» دېگەن. ئىستىقامەتنى ھاسىل قىلىش جاپالىق ئىش بولۇپ، تائەت- ئىبادەتتە ئىزچىللىقنى ۋە گۇناھ- مەئسىيەتتىن قېچىشتا ھوشيارلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئاندا (**فَاسْتَقِمْ كَمَا أُمِرْتَ**) يەنى‹بۇيرۇلغىنىڭدەك مۇستەھكەم بولغىن›[19] دېگەن ئايەتتىن ئېغىر ئايەت نازىل بولغان ئەمەس» دېگەن.

ئىستىقامەت ئىماننىڭ كامىللىقىغا دالالەت قىلىدىغان ئالىي مەرتىۋە بولۇپ، مۇئمىن ئادەم ئەقىدە، ئەخلاق، مۇئامىلە، ئىبادەت، گەپ- سۆز، تەپەككۇر قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە مۇستەھكەم بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى بايان قىلىپ : «بەندىنىڭ قەلبى مۇستەھكەم بولمىغۇچە ئۇنىڭ ئىمانى مۇستەھكەم بولمايدۇ، ئۇنىڭ تىلى توغرا بولمىغۇچە قەلبى مۇستەھكەم بولمايدۇ»[20] دېگەن. ئىستىقامەت رىزىقنىڭ مول بولۇشىغا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا مۇكاپاتىغا ئېرىشىشكە تۈرتكە بولىدۇ. «**إِنَّ الَّذِينَ قَالُوا رَبُّنَا اللَّهُ ثُمَّ اسْتَقَامُوا تَتَنَزَّلُ عَلَيْهِمُ الْمَلَائِكَةُ أَلَّا تَخَافُوا وَلَا تَحْزَنُوا وَأَبْشِرُوا بِالْجَنَّةِ الَّتِي كُنْتُمْ تُوعَدُونَ . نَحْنُ أَوْلِيَاؤُكُمْ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَفِي الْآَخِرَةِ وَلَكُمْ فِيهَا مَا تَشْتَهِي أَنْفُسُكُمْ وَلَكُمْ فِيهَا مَا تَدَّعُونَ**» يەنى «شۈبھىسىزكى، «رەببىمىز ئاللاھتۇر» دېگەن، ئاندىن (شۇ ئىمانىدا) مۇستەھكەم تۇرغان كىشىلەرگە پەرىشتىلەر چۈشۈپ: «قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت بىلەن خۇشال بولۇڭلار، بىز دۇنيادىمۇ ۋە ئاخىرەتتىمۇ سىلەرنىڭ دوستلىرىڭلارمىز. جەننەتتە سىلەر ئۆچۈن كۆڭلۈڭلار تارتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ۋە تىلىگەن نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسى بار. (بۇلار) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان ئاللاھ تەرىپىدىن (سىلەر ئۈچۈن) تەييارلانغان زىياپەتتۇر» دەيدۇ»[21].

---

[19] ھۇد سۈرىسى: 112-ئايەت.

[20] «مسند الإمام أحمد» 20-توم، 343-بەت، 13047-ھەدىس.

[21] فۇسسىلەت سۈرىسى:31-32- ئايەتلەر.

# راستچىللىق

راستچىللىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئالدىنقى ئەخلاقى. ھېچقانداق بىر پەيغەمبەرنىڭ يالغانچى بولۇشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنى ئالدى بىلەن «راستچىللار»دەپ سۈپەتلىگەن ۋە ماختىغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «راستچىللىق ياخشىلىققا باشلايدۇ، ياخشىلىق جەننەتكە باشلايدۇ، راست سۆزلەپ، ھەمىشە راستچىللىق بىلەن ئىش كۆرگەن ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ‹راستچىل بەندە› دەپ يېزىلىدۇ. يالغانچىلىق گۇناھقا باشلايدۇ، گۇناھ دوزاخقا باشلايدۇ، يالغان ئېيتىدىغان ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ‹يالغانچى› دەپ يېزىلىدۇ»[22].

سىز ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە، پەرىشتىلەرنىڭ دەپتىرىدە، ئىنسانلارنىڭ ئېغىزىدا يالغانچى بولۇپ ئاتىلىشنى ياقتۇرمايسىز ھەقاچان؟!

يۇقىرىقى ھەدىستىكى «راستچىللىق ياخشىلىققا باشلايدۇ» دېگەن سۆز بىلەن «يالغانچىلىق گۇناھقا باشلايدۇ» دېگەن سۆزگە دىققەتنىمىزنى ئاغدۇرغىنىمىزدا، پۈتۈن ياخشىلىقلارنىڭ بېشىدا راستچىللىقنىڭ بارلىقىنى بايقايمىز. گوياكى راستچىللىق ياخشىلىقنىڭ مۇقەددىمىسى ياكى ئۇنۋانى ئورنىدا تۇرىدۇ.

بۇنىڭ ئەكسىچە، ھەرقانداق بىر يامانلىقنىڭ ئارقىسىدا چوقۇم يالغانچىلىق بولىدۇ. ئالدامچىلىق، خائىنلىق، ساتقۇنلۇق، ئوغرىلىق، قاتىللىق، قارا چاپلاش، غەيۋەت _ شىكايەت... ۋەھاكازالارنىڭ مۇقەددىمىسىدە چوقۇم يالغانچىلىق بولىدۇ. يامان ئىشلارنى قىلىدىغان بىرىگە، «يالغان ئېيتما، ئەمما خالىغان يامانلىقلىرىڭنى قىلغىن» دېسىڭىز، ئۇنى قىلالامدۇ؟ ھەرگىز قىلالمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «راستچىللىق ___ خاتىرجەملىك، يالغانچىلىق ___ تەشۋىشتۇر»[23]. چۈنكى ئىنسان راست سۆزلىگەندە خاتىرجەملىك ۋە بىر خىل راھەت ھېس قىلىدۇ، تەشۋىشلەنمەيدۇ ھەمدە راست سۆزلەشتە ھېچقانچە تەسلىك ياكى ئوڭايسىزلىق ھېس قىلمايدۇ، ئىككىلەنمەيدۇ، دۇدۇقلىمايدۇ.

ئەمما ئىنسان يالغان سۆزلەشتە قىيىنچىلىق تارتىدۇ، ھەتتا بەزى شارائىتلاردا چېكىسىدىن تەر ئاقىدۇ، چىراي ئىپادىسى تەبىئىي بولمايدۇ، سۆزلىرى ئانچە قاملاشمايدۇ، يالغانچىلىقى ئاشكارا بولۇپ قېلىشىدىن تەشۋىشلىنىدۇ.

## ھەقىقىي راستچىللىق

ھىجرىيە ئۈچىنچى ئەسىرنىڭ ئۆلىمالىرىدىن جۇنەيد مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ھەقىقىي راستچىللىق ___ يالغاندىن باشقا نەرسە سېنى قۇتۇلدۇرالمايدىغان شارائىتتا راست سۆزلىشىڭدۇر». راستچىللىقنىڭ ئىنسانىنى ھەمىشە قۇتقۇزغۇچى ئىكەنلىكىدە شەك يوق. «راست سۆزلىگەن ئادەم نىجات تاپىدۇ» دېگەن مەشھۇر سۆزمۇ شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىلغان.

قۇتۇلۇش ئۈچۈن يالغان ئېيتىشتىن باشقا چارىسى قالمىغان ئادەمنىڭمۇ راست سۆزلىشى تەلەپ قىلىنغان يەردە، ئاددىي ئىشلار ئۈچۈن، ھەتتا يالغان ئېيتمىسىمۇ ھېچقانداق زىيان بولمايدىغان ئىشلار ئۈچۈن يالغان ئېيتىۋاتقانلارنى نېمە دېگۈلۈك بولسۇن؟!

ئەمەۋىيلەرنىڭ يەتتىنچى خەلىپىسى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز: «يالغان ئېيتىشنىڭ نومۇسسىزلىق ئىكەنلىكىنى بىلگەن ۋاقتىمدىن باشلاپ بىر قېتىممۇ يالغان سۆزلەپ باقمىدىم» دېگەن ئىكەن.

## راستچىللىققا ئادەتلىنىشنىڭ يولى

شەكسىزكى، ئادەم ئۆزىدە راستچىللىقنى يېتىلدۈرۈشى ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئاللاھ تائالاغا تەقۋالىق قىلىشى (يەنى ھەر ئىشتا ئاللاھنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ئىش كۆرۈپ، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئورۇندىشى)، ئاندىن راستچىل، تەقۋادار، ياخشى كىشىلەر بىلەن ئولتۇرۇپ قوپۇشى لازىم. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ اتَّقُواْ اللّهَ وَكُونُواْ مَعَ الصَّادِقِينَ**﴾ يەنى«ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىڭلار ۋە راستچىللار بىلەن بولۇڭلار»[24] دېيىش ئارقىلىق

---

(22) «صحيح البخاري» 8-توم، 25-بەت، 6094-ھەدىس.
(23) «سنن الترمذي» 4-توم، 249-بەت، 2518-ھەدىس.
(24) تەۋبە سۈرىسى: 119-ئايەت

راستچىللىقنىڭ تەقۋالىق ئىكەنلىكى ۋە راستچىللار بىلەن بولۇشنىڭ تەقۋالىققا يېتىشنىڭ يولى ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

# سۆيگۈ–مۇھەببەت

سۆيگۈ - مۇھەببەت — ھاياتلىقنىڭ جېنى، قەلبنىڭ زىننىتى ۋە بەختنىڭ كاپالىتىدۇر. سۆيگۈنىڭ قىممىتىنى ھەقىقىي تونۇغانلار «دۇنيادا سۆيگۈ ئومۇملىشىدىغان بولسا، ئىنسانلار نە ئادالەتكە، نە قانۇنغا موھتاج بولمىغان بولاتتى» دېگەن ئىكەن قەدىمدە. مەۋلانا جالالىددىن رۇمىي مۇنداق دېگەن ئىكەن: «سۆيگۈ __ ئاچچىقنى تاتلىققا، توپراقنى ئالتۇنغا، كىرنى ساپلىققا، كېسەلنى ساقلىققا، تۈرمىنى بوستانغا، غەزەپنى شەپقەتكە ئايلاندۇرىدىغان، تۆمۈرنى ئېرىتىدىغان، تاشنى يۇمشىتىدىغان، ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئابى ھايات بېغىشلايدىغان بىر مۆجىزىدۇر». ئىنسان قەلبىدە نۇرغۇنلىغان سۆيگۈلەر بولىدۇ. ئاللاھ سۆيگۈسى، پەيغەمبەر سۆيگۈسى، ۋەتەن سۆيگۈسى، ئەۋلاد سۆيگۈسى، ئاتا-ئانا سۆيگۈسى، قېرىنداش سۆيگۈسى، ئۇرۇق-تۇغقان سۆيگۈسى، ئەر- ئايال سۆيگۈسى، تەبىئەت سۆيگۈسى، مۇسۇلمانلارنىڭ بىر- بىرىگە بولغان سۆيگۈسى دېگەنگە ئوخشاش. ھەربىر سۆيگۈنىڭ ئالاھىدە ئورنى بولۇپ، بىر- بىرىگە ھەرگىز ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن: ئاللاھ سۆيگۈسى ئاتا- ئانا سۆيگۈسىگە ئوخشىمايدۇ، ئاتا- ئانا سۆيگۈسى ئەر- ئايال سۆيگۈسىگە ئوخشىمايدۇ.

### ئاللاھ سۆيگۈسى

سۆيگۈلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى ئاللاھ سۆيگۈسىدۇر. چۈنكى سۆيگۈ _ مۇھەببەت كۆپىنچە قارشى تەرەپنىڭ سۆيگۈسى، ياكى ئۇنىڭدىكى قايىل قىلارلىق سۈپەتلەر، ياكى ئۇنىڭدىن كۆرگەن زور ياخشىلىقلار تۈرتكىسى بىلەن قەلبكە ئورنايدىغان نەرسە.

ھالبۇكى، ئاللاھ تائالادا سۆيگۈ _ مۇھەببەتكە تۈرتكە بولىدىغان ئامىللارنىڭ ھەممىسى تولۇقى بىلەن بار. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە بەكمۇ شەپقەتلىك ۋە تولىمۇ مېھرىبان زاتتۇر. ئۇنىڭ بۇ شەپقىتىنى ۋە مېھرىبانلىقىنى ئەقلى بار ئىنسان ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنى ئانا قارنىدىكى ۋاقتىدىن تارتىپ تاكى چوڭ بولۇپ، ياشاپ ئۆلگىنىگە قەدەر قانداق پەرۋىش قىلىدىغانلىقىنى، خەتەرلەردىن قانداق ساقلايدىغانلىقىنى ئەلۋەتتە چۈشىنىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇچىقىدا بالىسى بار بىر ئايالنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ساھابىلىرىدىن: «بۇ ئايالنى بالىسىنى ئوتقا تاشلاشقا رازى بولىدۇ، دېسەم ئىشىنەمسىلەر؟ دەپ سورىغاندا، ساھابىلەر: بۇ ئايال ھەرگىز بالىسىنى ئوتقا تاشلاشقا رازى بولمايدۇ، دەيدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «بىلىڭلاركى، ئاللاھ بەندىلىرىگە مۇشۇ ئايالنىڭ بالىسىغا بولغان مېھرىبانلىقىدىنمۇ بەك مېھرىباندۇر»[25] دېگەن.

سۆيۈش ئۈچۈن قايىل قىلارلىق سۈپەتلەردىن سۆز ئاچساقمۇ، ئاللاھ تائالا پۈتۈن سۈپەتلىرىدە، ئىش _ پائالىيەتلىرىدە ۋە تەدبىرلىرىدە ئەڭ مۇكەممەل يېگانە زات. پۈتۈن گۈزەللىكلەر، مۇكەممەللىكلەر ۋە جىمى ياخشىلىقلارنىڭ مەنبەسى ئاللاھ تائالادۇر.

سۆيۈش ئۈچۈن تۈرتكە بولىدىغان ياخشىلىقتىن سۆز ئاچقاندىمۇ، ئاللاھ تائالا ئەڭ مۇكەممەل سۆيگۈگە لايىق يېگانە زاتتۇر. نورمال ئىنسان خاراكتېرى ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلغانغا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى سۆيۈشنى تەبىئىي بۇرچ، دەپ بىلىدۇ. دۇنيادا قايسى بىرىنىڭ ياخشىلىقى ئىنساننى يوقتىن بار قىلىپ، ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتقان، ئۇنىڭغا ئەقىل ـ ئىدراك ئاتا قىلىپ، بارچە مەخلۇقاتتىن ھۆرمەتلىك ھەم قۇدرەتلىك قىلغان ۋە ئۇنى كائىناتنىڭ خوجايىنى قىلىپ بەلگىلەپ، ھەممىنى ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇپ بەرگەن كەرەملىك، شەپقەتلىك ئاللاھنىڭ ياخشىلىقلىرىغا يېتەلىسۇن؟!

### ئاللاھ سۆيگۈسى نېمە بىلەن ئىپادىلىنىدۇ؟

ئاللاھ سۆيگۈسى ئۇنىڭغا ھەقىقىي رەۋىشتە ئىتائەت قىلىش، پۈتۈن ھايات قايناملىرىدا ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى دەستۇر قىلىپ ئەمەل قىلىش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

### پەيغەمبەر سۆيگۈسى

پەيغەمبەر سۆيگۈسى ئاللاھ سۆيگۈسىدىن قالسا ئەڭ ئەھمىيەتلىك سۆيگۈ بولۇپ، ئىماننىڭ بىر پارچىسىدۇر. ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئىنسانىيەتنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت - سائادەتلىرىگە ئېرىشتۈرۈشكە كېپىللىك قىلىدىغان ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت ھەق دىننى ئېلىپ كېلىش ئارقىلىق ئىنسانلارنى كۇفرىنىڭ زۇلمەتلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىماننىڭ پارلاق نۇرىغا باشلاپ چىققان ۋە بارلىق ياخشى ئىشلارنىڭ بىردىنبىر ئۈلگىسى بولغان ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىنمۇ سۆيۈملۈك كىم

---

(25) «صحيح البخاري» 8-توم، 8-بەت، 5999-ھەدىس.

بولسۇن؟!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «سىلەرنىڭ ھېچبىرىڭلار مېنى ئاتىسىدىن، بالىسىدىن ۋە بارلىق كىشىلەردىن ئارتۇق سۆيمىگىچە مۇئمىن بولالمايدۇ»[26].

**پەيغەمبەر سۆيگۈسى قانداق ئىپادىلىنىدۇ؟**

پەيغەمبەر سۆيگۈسى دىن ۋە دۇنيالىق پۈتۈن ئىشلاردا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئەمەلىي رەۋىشتە ئەگىشىش ۋە ئۇنى ھەقىقىي مەنىدە ئۈلگە قىلىش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**ۋەتەن سۆيگۈسى**

ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۆيگۈسىدىن قالسا، ئەڭ شەرەپلىك ۋە ئۇلۇغ سۆيگۈ ــــ ۋەتەن سۆيگۈسىدۇر. ھەقىقىي مۇسۇلمان كىشى ئۆز ۋەتىنىگە سادىق بولىدۇ. چۈنكى مۇسۇلمانلىقنىڭ تەقەززاسى ۋاپادارلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. خۇددى ئىبادەتلەرمۇ ئىنساننى باشقا مەخلۇقاتتىن ئالاھىدە پەرقلىق بىر مۆجىزات سۈپىتىدە يارىتىپ، ئۇنىڭغا بۇ كائىناتنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ۋە يەر يۈزىنىڭ خوجايىنلىقىنى ئاتا قىلغان كەرەملىك ئاللاھقا شۈكۈر ۋە مىننەتدارلىق ئىزھار قىلىش يۈزىسىدىن قىلىنىدىغان بىر ۋاپا بۇرچى بولغاندەك، ۋەتەننى سۆيۈش ۋە ئۇنىڭ يولىدا مال ـ مۈلكىنى، جېنىنى ۋە ھەر نەرسىسىنى پىدا قىلىش ھەر قانداق بىر پۇقرانىڭ ئۇنى ئىللىق قوينىدا ئۆستۈرۈپ يېتىلدۈرگەن ئانا ۋەتەنگە ئۆتەشكە تېگىشلىك ۋاپا بۇرچىدۇر.

**ۋىجدانلىق ئىنسان ۋەتىنىنى سۆيىدۇ**

ۋىجدانلىق ئىنسان ۋەتىنىنى سۆيۈشنى ئىنسانلىق بۇرچى دەپ بىلىدۇ. چۈنكى ئىنسان خاراكتېرى ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرۇشنى، ياخشىلىق قىلغاننى سۆيۈشنى تەبىئىي زۆرۈرىيەت دەپ تونۇيدۇ. دۇنيادا ئىنسان ئۆچۈن ئۇنىڭغا ئىللىق باغرىنى ئېچىپ، ئۇنى تۆرەلۈك نېمەتلىرى بىلەن كۈتۈۋالغان، ئۇنى بارچە ياخشىلىقلىرىدىن بەھرىمەن قىلغان، كۆكسى كەڭ، قوينى ئىسسىق ئاشۇ ئانا ۋەتىنىدىنمۇ سۆيۈملۈك بىرى بارمۇ؟! ياخشىلىقنى ياخشىلىق قىلىش بىلەن قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭدىنمۇ ئەلا بىرى بارمۇ؟!

ۋاپادار ئىنسان چوقۇم ئۆز ۋەتىنىنى سۆيىدۇ. چۈنكى، ھەركىمنىڭ ئۆز ۋەتىنى خۇددى ئانىسىنىڭ قوينىدەك ئىسسىق ۋە يۇمشاقتۇر. شۇڭا ئۇنى «ئانا ۋەتەن» دەيمىز. ئانىمىز خەۋپكە ئۇچرىسا بىزنىڭ قانچىلىك بىئارام بولۇپ كېتىدىغانلىقىمىز ۋە ئۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىمىز ئېنىق تۇرغان يەردە، ۋەتەنمۇ شۇنداق قەدىرلىك ئانا! بەلكى بۇ، بىزنى تۇغقان ئانىمىزدىنمۇ قەدىرلىك ۋە قىممەتلىك ئانىمىزدۇر. چۈنكى، ئانىلارنى ئۆستۈرگەن تۇپراقمۇ ئەنە ئاشۇ ۋەتەن ئەمەسمۇ؟

**مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا سۆيگۈسى**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەر مۇئمىن بولمىغىچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، بىر ـ بىرىڭلارنى سۆيمىگىچە مۇئمىن بولالمايسىلەر»[27] دېگەن.

مۇسۇلمان ئادەم كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ رەڭگى، تىلى، ئىرقى، دىنى ۋە ۋەتەنلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقى سەۋەبلىك ئايرىمچىلىق قىلمايدۇ. چۈنكى ئىسلام نەزىرىدە، پۈتۈن ئىنسانلار ھەزرىتى ئادەمدىن، ئادەم تۇپراقتىن كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تىل، رەڭ، ئىرق پەرقلىرى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى ۋە گۈزەل سەنئەتلىرىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەردىن بىرىدۇر. ﴿**وَمِنْ آيَاتِهِ خَلْقُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَاخْتِلَافُ أَلْسِنَتِكُمْ وَأَلْوَانِكُمْ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَآيَاتٍ لِّلْعَالِمِينَ**﴾ يەنى «ئاللاھنىڭ (قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان) ئالامەتلىرىدىن بىرى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقانلىقى، تىلىڭلارنىڭ، رەڭگىڭلارنىڭ ئوخشاشمىغانلىقىدۇر. شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا بىلىدىغانلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەتلەر بار»[28].

**تەبىئەت سۆيگۈسى**

تەبىئەت ــــ ئاللاھ تائالانىڭ سەنئىتىدۇر. ئاللاھ تائالا تەبىئەتنى ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن يارىتىپ بەرگەن. ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، ئۇنى ئاسراش، ئۇنى سۆيۈش ۋە ئۇنى قوغداش دىنىمىزدا گۈزەل ئەخلاقلاردىن سانىلىدۇ. تەبىئەت بىز

---

(26) «صحيح البخاري» 1-توم، 12-بەت، 15-ھەدىس.

(27) «صحيح مسلم» 1-توم، 74-بەت، 54-ھەدىس.

(28)رۇم سۈرىسى:22- ئايەت

ئىنسانلاردەك تۇزكور ئەمەس، بەلكى ئۇ ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق شەيئىلەر ئۆز تىللىرى بىلەن ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلايدۇ، ئۇنى مەدھىيەلەيدۇ. «قۇرئان كەرىم» بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**تُسَبِّحُ لَهُ السَّمَاوَاتُ السَّبْعُ وَالأَرْضُ وَمَنْ فِيْهِنَّ وَإِنْ مِّنْ شَيْءٍ إِلاَّ يُسَبِّحُ بِحَمْدَهِ وَلَـكِنْ لاَّ تَفْقَهُوْنَ تَسْبِيْحَهُمْ**﴾يەنى «يەتتە ئاسمان ـ زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ نۇقسانسىزلىقىنى سۆزلەيدۇ، (كائىناتتىكى) قانداقلىكى نەرسە بولمىسۇن، ئاللاھنى (بارچە نۇقسانلاردىن) پاك دەپ مەدھىيەلەيدۇ. لېكىن سىلەر ئۇلارنىڭ مەدھىيەسىنى سەزمەيسىلەر»[29].

## تەبىئەت ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىدۇر

تەبىئەت ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى بولۇپ، ئۇنى ئوقۇشنى بىلگەنلەر چوقۇم ئاللاھ تائالانى تونۇيدۇ. بۇ كىتابتا ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرەت كامالى، گۈزەل _ سەنئەتلىرى، نېمەتلىرىنىڭ تۈرلىرى يېزىلغان. زامانىمىزدا فىزىكا، خېمىيە، بىئولوگىيە ۋە ھەر خىل تەبىئي پەنلەردە مۇتەخەسسىس بولغانلاردىن كۆپلىگەن كىشلەرنىڭ ئۆزلىرى مۇتەخەسسىس بولغان پەنلىرى سايىسىدا ئاللاھ تائالانى تونۇپ مۇسۇلمان بولغانلىقىمۇ ئۇلارنىڭ كائىناتتىن ئىبارەت چوڭ ئىلاھىي كىتابنى ئوقۇپ چۈشەنگەن ۋە ياراتقۇچىنىڭ ئۇلۇغلىقىنى بىلگەنلىكىگە ئىشارەت قىلماقتا. مۇسۇلمان كىشى تەبىئەتنى ئاللاھ تائالانىڭ سەنئىتى بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن سۆيىدۇ، ئۇنى ھەر كۆرگىنىدە، ئۇنىڭدا ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتى ۋە ئىلىم _ ھېكمىتىنىڭ ئىزلىرىنى كۆرىدۇ. نەتىجىدە، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانى تونۇشى ئاشىدۇ، ئىمانى كۈچلىنىدۇ. شۇڭا قۇرئان كەرىمنىڭ كۆپلىگەن ئايەتلىرى كىشلەرنى تەبىئەتنىڭ ھەرخىل مەنزىرىلىرىگە قاراپ تەپەككۇر قىلىشقا چاقىرماقتا.

---

(29) ئىسرا سۈرىسى:44 ـ ئايەت

# ئۆزىدىن ئۆزى ھېساب ئېلىپ تۇرۇش

ئۆزىدىن ئۆزى ھېساب ئېلىش— ئىنسان ئۆزىدىكى دىنىي ئاڭ ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئارقىلىق ئۆزىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشى، ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى تۈزىتىپ، ئۆزىنىڭ مۇئمىنلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش يولىدىكى ھەرقانداق توسالغۇنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئۆز يولىنى داۋاملاشتۇرۇشى دېگەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: (**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آَمَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ وَلْتَنْظُرْ نَفْسٌ مَا قَدَّمَتْ لِغَدٍ وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ خَبِيرٌ بِمَا تَعْمَلُونَ**) يەنى «ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ھەركىم ئۆزىنىڭ قىيامەت ئۈچۈن نېمىلەرنى تەييارلىغانلىقىغا قاراپ باقسۇن، ئاللاھتىن قورقۇڭلار. چۈنكى ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر»[30]. ئەللامە ئىبنى قەييىم جەۋزى «بۇ ئايەت ئۆز- ئۆزىدىن ھېساب ئېلىشقا بۇيرۇغان ئايەتتۇر»[31] دېگەن. ئەللامە ئىبنى كەسىر بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن ھېساب ئېلىنىشتىن بۇرۇن ئۆزۈڭلاردىن ھېساب ئېلىپ تۇرۇڭلار، قىيامەت كۈنى رەببىڭلارنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىشىڭلار ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەردىن قانچىلىك قىلغانلىقىڭلارغا قاراڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ تائالا بارلىق ئەمەللىرىڭلارنى ۋە ئەھۋالىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭغا ھېچقانداق نەرسە مەخپىي ئەمەس»[32].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئەقىللىق ئادەم ئۆزىدىن ئۆزى ھېساب ئېلىپ تۇرىدىغان، ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ئەمەل قىلىدىغان ئادەمدۇر. ئاجىز ئادەم ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىدىغان ۋە (ياخشى ئەمەل قىلماي ۋە گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلماي تۇرۇپ) ئاللاھتىن مەغپىرەت كۈتىدىغان ئادەمدۇر»[33].

ئۆزىنى تەكشۈرۈپ، خاتالىقلىرىنى ۋە كەمچىلىكلىرىنى تۈزىتىپ، گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ، ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىپ تۇرىدىغان كىشىلەر دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۆزىنى ھالاكەتتىن ۋە زىيان- زەخمەتتىن ساقلاپ قالالايدۇ. ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى تونۇپ ئۇنى تۈزىتىپ ماڭغان كىشى كۆڭلەكنىڭ بىر تۆگمىسىنى خاتا ئېتىپ قويۇپ، ئارقىدىنلا ئۆزىنىڭ خاتا ئەتكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنى تۈزىتىۋالغان كىشىگە ئوخشايدۇ. مۇنداق كىشىلەر بۇ دۇنيادا ئۆزىدىن ئۆزى ھېساب ئېلىپ، ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىپ تۇرغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا ھېساب بېرىشى ئاسان بولىدۇ.

مۇھەممەد غەززالىي «ھاياتىڭىزنى يېڭىلاڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان: «دۇنيادا ھەر قانداق بىر مۇھىم ئىشنىڭ ھېساباتى بولىدۇ، ئۇنىڭ كىرىمى، چىقىمى، پايدىسى ۋە زىيىنى ھېسابلىنىپ تۇرىدۇ. پەقەت ئىنسان ھاياتى مەجھۇل تەرەپكە خۇددى سۇدەك ئېقىپ كېتىۋېرىدۇ».

---

[30] ھەشر سۈرىسى: 18- ئايەت.
[31] «اغاثة اللهفان من مصايد الشيطان» 1- توم، 84- بەت.
[32] «تفسير ابن كثير» 4- توم، 365- بەت.
[33] «سنن الترمذي»4-توم، 219-بەت، 2459-ھەدىس.

# ئىشلەش ۋە كۈرەش

ھاياتلىق ___ ھەرىكەت ۋە كۈرەش دېمەكتۇر. ھاياتلىق ھەرىكەت بىلەنلا ئۆزىنى ئىپادىلەپ تۇرىدۇ. چۈنكى ھەرىكەت تىرىكلەرنىڭ شوئارى، جىملىق ئۆلۈكلەرنىڭ بەلگىسىدۇر. ھايات تېز ئۆتۈپ كېتىشتە ئېقىۋاتقان سۇغا ئوخشايدۇ. ئاققان سۇنى كەينىگە قايتۇرغىلى بولمىغاندەك ھاياتنىمۇ ئارقىغا قايتۇرغىلى بولمايدۇ. ئېقىپ تۇرغان سۇ سۈزۈك ۋە پاكىز تۇرغاندەك، ھەرىكەت قىلىپ تۇرغان جىسىم ساق ۋە جۇشقۇن تۇرىدۇ. ئاقمايدىغان سۇ ئۆزىنىڭ سۈزۈكلۈكىنى، پاكىزلىقىنى يوقاتقاندەك، ھەرىكەت قىلمىغان جىسىممۇ ئۆزىنىڭ ساقلىقىنى ۋە ھەرىكەتچانلىقىنى يوقىتىپ قويىدۇ. ھايات بىر نەرسىلەرگە ئېرىشىش يولىدا تىرىشىش ۋە ئىنتىلىش بىلەنلا ھۇزۇرلۇق ۋە بەختلىك ئۆتىدۇ. ھايات كۈرەش ۋە ئىنتىلىش بىلەنلا مەنىلىك ئۆتىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئىنساننىڭ بەدىنىنى ھەرىكەت قىلىدىغان ۋە ھەرىكەت قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ساقلىقىنى ساقلايدىغان قىلىپ ياراتقان. ئاللاھ تائالانىڭ ( **يَا أَيُّهَا الْإِنْسَانُ إِنَّكَ كَادِحٌ إِلَى رَبِّكَ كَدْحًا فَمُلَاقِيهِ** ) يەنى « ئى ئىنسان! شەكسىزكى، سەن رەببىڭنىڭ ئالدىغا بارغانغا قەدەر جاپالىق ئىشلەيسەن، ئاندىن ئەمەلىڭنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىسەن »[34] دېگەن سۆزى بۇنى ئىپادىلەيدۇ. ھەرىكەت قىلىش، تىرىشىش ۋە كۈرەش قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان بۇ ئىنسان بەدىنى ھەرىكەتتىن قېپقالسا، چوقۇم ئۇنىڭدىن چاتاق چىقىدۇ. ئادەم ئولتۇرمىغان ئۆينىڭ سۇۋاقلىرى چۈشۈپ، تاملىرى كۆرۈمسىز بولۇپ كەتكەندەك، ئىشلەتمىگەن پىچاق تاتىلىشىپ كېرەكتىن چىققاندەك، ھەرىكەتتىن قېپقالغان، تىرىشچانلىقىنى يوقاتقان جىسىممۇ كاردىن چىقىدۇ.

بۇ دۇنيادا ھايات قېلىش، ئۆز دۆلىتىگە ئۆزى ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئىشلەش ۋە كۈرەش قىلىش شەرت. شۇڭا ھەربىر ئىنسان، ھەربىر مىللەت مۇستەقىل، ئەركىن ۋە ئازادە ھايات كەچۈرۈش، ئۆز رىزقىنى ئۆزى ئىشلەپ تېپىپ يېيىش، ئۆزىنىڭ قەدىر– قىممىتى ۋە ئىززەت – ئابرۇيى بىلەن ياشاش ئۈچۈن، ھارماي- تالماي ئىشلەشكە ۋە ئۈلۈمدىن قورقماي كۈرەش قىلىشقا موھتاج. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: (وَأَنْ لَّيْسَ لِلْإِنْسَانِ إِلَّا مَا سَعَى) يەنى «ئىنسان پەقەت ئۆزى ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ» [35] دەپ كۆرسەتكەن. چۈنكى ئاللاھ تائالا دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ھەرقانداق بىر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ قانۇنىيىتىنى بېكىتكەن ۋە سەۋەبلىرىنى ياراتقان بولۇپ، ھەرقانداق بىر مەقسەتكە يېتىشنىڭ قانۇنىيىتى ئىشلەش ۋە كۈرەش قىلىشتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە «ئىنسان» دەپ كەلتۈرگەن بولۇپ، مۇسۇلمان ئىنسان ياكى كاپىر ئىنسان دەپ ئايرىمىغان. دېمەك، قانداقلا بىر ئىنسان ئىشلىسە، سەۋەب قىلسا نەتىجە قازىنىدۇ. شۇڭا ئەجدادلىرىمىز «ئىشلىگەن چىشلەيدۇ» دېگەن ھېكمەتنى قالدۇرغان ئىكەن.

ئاللاھ تائالانىڭ ئىككى قانۇنى بار بولۇپ بىرى، تەبىئەت قانۇنى، يەنە بىرى شەرىئەت قانۇنىدۇر.

تەبىئەت قانۇنى — ئاللاھ تائالا كائىناتتا بېكىتىۋەتكەن قانۇنىيەت بولۇپ، ئۇ «ئىنسان پەقەت ئۆزى ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ» ياكى «ئىشلىگەن چىشلەيدۇ» دېگەن تەبىئىي قانۇنىيەتكە مەركەزلىشىدۇ. بۇ قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلغانلار قايسى مىللەتتىن ۋە قانداق دىندا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇ دۇنيادا نەتىجە قازىنالايدۇ ۋە قىلغان ئەمگىكىنىڭ مېۋىسىنى كۆرەلەيدۇ، بۇ قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلغانلار قىلمىشىنىڭ جازاسىنى بۇ دۇنيادا ھەرخىل بەختسىزلىكلەرگە ئۇچراش ئارقىلىق تارتىدۇ.

شەرىئەت قانۇنى — قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ياكى سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن بەلگىلەنگەن شەرىئەت ئەھكاملىرى بولۇپ، بۇ «قىل» ۋە «قىلما» دېگەن ئىككى سۆزگە مەركەزلىشىدۇ. شەرىئەتتە «قىل» دەپ بۇيرۇلغان ئىشلارنى مۇكەممەل ئورۇنداش، «قىلما» دەپ مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى قەتئىي قىلماسلىق ھەربىر مۇئمىن، مۇسۇلمانغا پەرزدۇر. شەرىئەت قانۇنىغا ئەمەل قىلغانلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت- سائادەتكە، ھۇزۇر- ھالاۋەتكە ئېرىشىدۇ، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار قىلمىشىنىڭ جازاسىنى ئاۋۋال بۇ دۇنيادا، ئاندىن ئاخىرەتتە تارتىدۇ.

### ئەمگەك ئىنساننىڭ قىممىتى ۋە شەرىپىدۇر

زېمىندىكى مەۋجۇتلۇق ئىنسان ئارقىلىقلا مۇكەممەللىشىدۇ، ئىنسان زېمىندىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ سىرلىرىنى ۋە بەزى

---

[34] ئىنشىقاق سۈرىسى: 6- ئايەت.

[35] نەجم سۈرىسى: 39- ئايەت.

ھېكمەتلىرىنى ئىگىلەپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق زېمىننى گۈللەندۈرۈشكە بۇيرۇلغان مەۋجۇداتتۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇنى يەر يۈزىنىڭ خوجايىنى قىلىپ ياراتقان ۋە ئۇنىڭغا ئەقىل- پاراسەت، تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى ۋە كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلغان. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە 70 تىن كۆپ ئايەتتە ئەمەل بىلەن ئىماننى بىرگە تىلغا ئېلىش ئارقىلىق ئىنسانلارنى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا، ئىشلەشكە، ئەمگەك قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەن. ئەرەب تىلىدىكى «العمل» (ئەمەل) دېگەن سۆز «ئىشلەش»، «ئەمگەك قىلىش»، «ئەمەل قىلىش» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر توپ كىشىنىڭ مەسجىدتە تۆۋرۈككە يۆلىنىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن: «سىلەر نېمە ئادەملەر؟» دەپ سورىغاندا، ئۇلار: «بىز ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلغۇچىلارمىز» دەپ جاۋاب بەرگەن. ھەزرىتى ئۆمەر ئۇلارغا: «سىلەر تەۋەككۈلچىلەر ئەمەس، بەلكى تەييارتاپلار ئىكەنسىلەر»[36] دەپ كايىغان ۋە ئۇلارنى مەسجىدتىن قوغلاپ چىقارغان ئىكەن. چۈنكى سەۋەب قىلىش بىلەن ئاللاھ تائالاغا تايىنىش (يەنى تەۋەككۈل قىلىش) ئۇچار قۇشنىڭ ئىككى قانىتىغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇچار قۇش ئىككى قانىتى بىلەن ئۇچالىغاندەك، مۇئمىن ئادەممۇ ئاللاھ تائالاغا ئىشەنچ قىلىپ تايىنىش ۋە يېتەرلىك سەۋەبلەرنى قىلىش بىلەنلا مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ.

تەۋەككۈل— يېتەرلىك سەۋەبلەرنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىشنىڭ نەتىجىسىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇش ۋە ئاللاھ تائالاغا تايىنىش دېگەنلىكتۇر. بۇ مەنىدىكى تەۋەككۈل كاتتا ئىبادەت سانىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا بىزنى ئۆزىگە تايىنىشقا بۇيرۇغان. (**وَعَلَى اللَّهِ فَتَوَكَّلُوا إِنْ كُنْتُمْ مُؤْمِنِينَ**) يەنى «ئەگەر (ھەقىقىي) مۇئمىن بولساڭلار، ئاللاھقىلا تايىنىڭلار»[37]. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى بايان قىلىنغان مۇنۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالاغا تايىنىش ئىماننىڭ شەرتى قىلىپ كۆرسىتىلگەن: (**يَا قَوْمِ إِنْ كُنْتُمْ آَمَنْتُمْ بِاللَّهِ فَعَلَيْهِ تَوَكَّلُوا إِنْ كُنْتُمْ مُسْلِمِينَ**) يەنى «ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان بولساڭلار، ئۇنىڭغا بويسۇنغان بولساڭلار، ئۇنىڭغىلا تايىنىڭلار»[38].

ئەپسۇسكى، ئىنسانلارنىڭ تولىسى ئاللاھ تائالاغا تايىنىش بىلەن سەۋەب قىلىش مەسىلىسىدە ئىككى پىرقىغا بۆلۈنۈپ كەتكەن بولۇپ، ئىككىلىسى ئېزىپ كەتكەن. چۈنكى ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى، «ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلدۇق» دەپ، سەۋەبكە ئەھمىيەت بەرمىگەن، يەنە بىر پىرقىسى، «سەۋەب قىلدۇق» دەپ، ئاللاھ تائالادىن ياردەم تىلەشتىن ۋە ئۇنىڭغا تايىنىشتىن ئۆزىنى بىھاجەت سانىغان. ھەقىقەت شۇكى، ھەقىقىي تەۋەككۈل قولىدىن كەلگەن سەۋەبلەرنى قىلىش بىلەن بىللە ئاللاھ تائالاغا تايىنىشتۇر. ئاددىي بىر دېھقاننىڭ ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۈل قىلىشى ئالدى بىلەن يەرگە ئۇرۇقنى سېلىپ، ئۇنى سۇغىرىپ، ئۇنىڭغا يېتەرلىك ئۇغۇت قاتارلىقلارنى سېلىپ، دېھقانچىلىقتا كېرەك پەرۋىشلەرنى تولۇق قىلىپ، ئاندىن ئاشلىقنىڭ چىقىشىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەۋەب بىلەن تەۋەككۈلنى بىرلەشتۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «احْرِصْ عَلَى مَا يَنْفَعُكَ وَاسْتَعِنْ بِاللَّهِ» يەنى «ئۆزۈڭگە مەنپەئەتلىك ئىشقا تىرىشقىن ۋە ئاللاھتىن ياردەم تىلىگىن»[39]. بۇ ھەدىستىكى «ئۆزۈڭگە مەنپەئەتلىك ئىشقا تىرىشقىن» دېگەن جۈملە مەيلى دۇنيالىق بولسۇن ياكى ئاخىرەتلىك بولسۇن، ئۆزۈڭگە پايدىلىق بولغان ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، قولۇڭدىن كېلىدىغانلىكى سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلغىن، نىيىتىڭدە، ھىممىتىڭدە، ئىش- ھەرىكىتىڭدە ۋە تەدبىرلىرىڭدە ئاكتىپ ۋە جىددىي بولغىن دېگەننى، «ئاللاھتىن ياردەم تىلىگىن» دېگەن جۈملە ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىگە ۋە ساڭا ياردەم قىلىدىغانلىقىغا چىن دىلىڭدىن ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا تايانغىن، ئىشىڭنىڭ نەتىجىسىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرغىن، دېگەنلىكتۇر. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن «ئاۋۋال تۆگەمنى باغلاپ ئاندىن ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلايمۇ ياكى تۆگەمنى قويۇۋېتىپ ئاندىن ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلايمۇ؟» دەپ سورىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئاۋۋال تۆگەڭنى باغلىغىن، ئاندىن ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلغىن»[40] دېگەن. سەۋەبكە چوقۇش كۇفرلىق، تەييارتاپلىق ئاسىيلىق، سەۋەب قىلىش بىلەن بىللە ئاللاھقا تايىنىش ھەقىقىي مۇئمىنلىكتۇر.

---

[36] «المجالس وجوهر العلم» 7- توم، 132- بەت، 3027- ھەدىس.

[37] مائىدە سۈرىسى:23- ئايەت.

[38] يۇنۇس سۈرىسى: 84- ئايەت.

[39] «صحيح مسلم» 4- توم، 2052- بەت، 2664-ھەدىس.

[40] «سنن الترمذي» 4- توم، 249- بەت، 2517- ھەدىس.

# ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىش

دىنىنىڭ ئۈچ مەرتىۋىسى بولۇپ، ئۇلار: ئىمان، ئىسلام ۋە ئېھساندىن ئىبارەتتۇر. ئەرەب تىلىدىكى «**اِحْسَان**» (ئېھسان) دېگەن سۆز «**إِتْقَان**» (ئىتقان) يەنى «ھەربىر ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىش»، «پۇختا ئورۇنداش»، «مۇكەممەل قىلىش» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ سۆز يەنە «ياخشىلىق قىلىش» دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ، ئەمما ئېھسان ئىماننىڭ مەرتىۋىسى قاتارىدا كەلگەندە ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. قۇرئان كەرىمدىكى: (**اَلَّذِي أَحْسَنَ كُلَّ شَيْءٍ خَلَقَهُ** ) يەنى «ئاللاھ ھەر نەرسىنى مۇكەممەل ياراتقان زاتتۇر»[41] دېگەن ئايەت بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. قۇرئان كەرىمدە «اِحْسَان» ۋە «محسنون»دېگەن سۆزلەر ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىش دېگەن مەنىدە كۆپرەك كەلگەن.

ئىمام مۇسلىم ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، «بىز بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتۇق. ئالدىمىزغا ھېچقايسىمىز تونۇمايدىغان بىر ئادەم كەلدى. ئۇنىڭ كىيىمى ئاپپاق، چېچى قاپقارا ئىدى، ئۇ ئۇزۇن يولدىن كەلگەندەك كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، تىزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىزىغا چاپلاپ ئولتۇردى ۋە ئىككى قولىنى ئۇنىڭ يوتىسىغا قويۇپ تۇرۇپ، ‹ئى مۇھەممەد! ئىسلام دېگەن نېمە؟› دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ‹ئىسلام—ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقلىقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، رامىزاندا روزا تۇتۇش ۋە قۇربى يەتسە ھەج قىلىشتۇر› دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئۇ ئادەم ‹توغرا دېدىڭ› دېدى. بىز ئۇنىڭ ئۆزى سوراپ يەنە ئۆزىنىڭ تەستىقلىغانلىقىغا ھەيران قالدۇق. ئاندىن ‹ئىمان دېگەن نېمە؟› دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ‹ئىمان— ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، قىيامەت كۈنىگە ۋە ياخشىلىق – يامانلىق ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتىشتۇر› دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئۇ ئادەم ‹توغرا دېدىڭ› دېدى. ئاندىن ‹ئېھسان دېگەن نېمە؟› دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ‹ئېھسان — ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ئىبادەت قىلىشتۇر. گەرچە سەن ئاللاھنى كۆرەلمىسەڭمۇ، ئاللاھ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ› دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئۇ ئادەم ‹قىيامەت قاچان بولىدۇ؟› دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ‹سورالغۇچى سورىغۇچىدىن بەك مەلۇماتلىق ئەمەس› دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئۇ ئادەم ‹ئۇنداقتا، قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى قايسىلار؟› دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ‹دېدەكنىڭ ئۆز خوجايىنىنى تۇغۇشى ۋە يالىڭاياق قويچىلارنىڭ ئېگىز بىنالارغا ئىگە بولۇشىدۇر› دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئۇ ئادەم كېتىپ قالدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرئاز ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ‹ئى ئۆمەر! مەندىن سوئال سورىغان كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟› دەپ سورىدى. مەن ‹ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلىدۇ› دېدىم. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹ئۇ جىبرىل ئىدى، سىلەرگە دىنىڭلارنى ئۆگىتىش ئۈچۈن كەلدى› دېدى»[42].

بۇ ناھايىتى مۇھىم بىر ھەدىس بولۇپ، دىنىمىزنى ئىنتايىن ئىخچام سۆزلەر بىلەن تولىمۇ روشەن بايانلار بىلەن ئوچۇقلىغان. بۇ ھەدىسنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئۇ جىبرىل ئىدى، سىلەرگە دىنىڭلارنى ئۆگىتىش ئۈچۈن كەلدى» دېگەن سۆزىدىنمۇ مۇكەممەل سۈپەتلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزى ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ ئىخچام تەرىپى ئىدى.

بۇ ھەدىسنىڭ «ئېھسان — ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ئىبادەت قىلىشتۇر. گەرچە سەن ئاللاھنى كۆرەلمىسەڭمۇ، ئاللاھ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ» دېگەن قىسمىدا ئىبادەتلا تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، ئۇ دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئەمەللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىبادەتنىڭ ئومۇمىي مەنىسىمۇ ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن ۋە رازى بولىدىغان شەكىلدە ياشاش دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن، مەزكۇرھەدىس شۇنى ئىپادىلەيدۇكى، ئادەم ئىبادەتنى ئاللاھ تائالا مېنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، مەن ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرۇۋاتىمەن دېگەن ئېتىقاد بىلەن قىلغاندەك، دىن ۋە دۇنيالىققا مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق بىر ئىشنى شۇنداق قېتىرقىنىپ قىلىشى، ھەر ۋاقىت ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىر مىنۇتمۇ ئېسىدىن چىقارمىغان ئاساستا ئىش كۆرۈشى لازىم.

بۇ ھەدىستە بايان قىلىنغان ئىسلام، ئىمان ۋە ئېھسان قاتارلىق ئۈچ چوڭ ھەقىقەت دىنىمىزنىڭ ئۈچ چوڭ مەرتىۋىسى

---

41 سەجدە سۈرىسى:7- ئايەت

42 «مسند الإمام أحمد»1-توم،435-بەت.

بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئىنساننىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت _ سائادىتىنى مۇشۇ ئۈچ ئىشقا باغلىغان. بۇ ئۈچ مەرتىۋە ئوتتۇرىسىدا زىچ مۇناسىۋەت بار. مۇئمىن ئادەم ھەربىر ئىشنى ئاللاھ تائالا مېنى ۋە قىلىۋاتقان ئىشىمنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ دېگەن ئېتىقاد بىلەن چىن ئىخلاسى بىلەن قېتىرقىنىپ، ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىدىغان بولسا، ئۇ مۇئمىنلىكىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەن بولىدۇ. مۇنداق كىشى (إِنَّ اللَّهَ مَعَ الَّذِينَ اتَّقَوْا وَالَّذِينَ هُمْ مُحْسِنُونَ ) يەنى «شەكسىزكى، ئاللاھ تەقۋالىق قىلغۇچىلار ۋە قېتىرقىنىپ ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر»[43] دېگەن ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالغان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ھەربىر ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلغۇچىلار بىلەن ئۆزىنىڭ بىللە ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلەن بىللە بولۇش مەرتىۋىسىگە يەتكەن بەندىلىرىنى ھىمايە قىلىدۇ، قوغدايدۇ ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ. «مۇھسىن» (ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلغۇچى) دېگەن سۈپەت «مۇئمىن» دېگەن سۈپەتتىن خاس سۈپەت بولۇپ، ھەرقانداق مۇھسىننى مۇئمىن دېيىشكە بولىدۇ، ئەمما ھەرقانداق مۇئمىننى مۇھسىن دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى مۇسۇلمان ئادەم مۇئمىنلىك مەرتىۋىسىگە يەتكەندىن كېيىن، تەقۋادارلىق ۋە مۇھسىنلىق مەرتىۋىسىگە يەتكەن ۋاقتىدىلا ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولىدۇ. (وَاللَّهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ) يەنى «ئاللاھ قېتىرقىنىپ ئىش قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ»[44]. قۇرئان كەرىمدە بۇ مەنىدە كەلگەن ئايەتلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. ئەمما ئاللاھ مۇسۇلمانلارنى ياخشى كۆرىدۇ، ياكى مۇئمىنلەرنى ياخشى كۆرىدۇ، دەيدىغان بىرمۇ ئايەت يوق. بۇ دېگەنلىك ئاللاھ تائالا مۇئمىن، مۇسۇلمانلارنى ياخسى كۆرمەيدۇ دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە.

---

[43] نەھل سۈرىسى، 128_ ئايەت.

[44] ئال ئىمران سۈرىسى: 148- ۋە 134- ئايەتلەر.

# سەۋر- تاقەت

سەۋر تۆت خىل مەنىدە كېلىدۇ: بىرىنچىسى، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش مەنىسىدىكى سەۋر، ئىككىنچىسى، ساقلاش ۋە كۈتۈش مەنىسىدىكى سەۋر، ئۈچىنچىسى، قايتۇرۇپ كېلىش مۇمكىن بولمايدىغان قولدىن بېرىشلەرنى ئۇنتۇپ كېتىش مەنىسىدىكى سەۋر، تۆتىنچىسى، چىدام كۆرسىتىش مەنىسىدىكى سەۋردۇر. قۇرئان كەرىمدىكى: **﴿وَلَنَجْزِيَنَّ الَّذِينَ صَبَرُواْ أَجْرَهُم بِأَحْسَنِ مَا كَانُواْ يَعْمَلُونَ﴾** يەنى«سەۋر قىلغۇچىلارغا، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز»[45] دېگەن ئايەت سەۋر قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە قارىتىلغان ئومۇمىي ئايەتتۇر. تۆۋەندە سەۋرنىڭ تۈرلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ:

### 1. ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش مەنىسىدىكى سەۋر

ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش مەنىسىدىكى سەۋر- كۆڭۈل ھاۋايى – ھەۋەسنى ۋە گۇناھ ئىشلارنى قىلىشقا قىزىقىپ تۇرسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ۋە ئەقىلنىڭ ئىنداسىغا قۇلاق سېلىپ، ئەمەل – ئىبادەتلەرنى ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە داۋاملاشتۇرۇش، گۇناھ- مەسىيەتلەردىن ئۆزىنى تارتىش، نەپسىنى باشقۇرۇش دېگەنلىك بولۇپ، مۇنداق سەۋرنىڭ مۇكاپاتى ئالاھىدە چوڭ بولىدۇ. بۇ خۇددى رامىزاندا روزا تۇتقان مۇسۇلمان ئادەم كۈننىڭ ئۇتتەك ئىسسىقى ۋە ئۇزۇن كۈنلىرىدە كۆڭلى مۇزدەك سۇنى قاتتىق ئىشتىھا قىلىپ تۇرسىمۇ، نەپسىنى يېغىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، كۆز ئالدىدىكى مۇزدەك سۇنى ئىچىپ راھەتلىنىشتىن ۋازكەچكىنىگە، بىراۋنىڭ نەپسىي گۇناھقا قىزىقىپ تۇرسىمۇ، نەپسىنى ئەقلىگە بويسۇندۇرۇپ، گۇناھتىن ساقلانغىنىغا ئوخشاش ئىشتۇر. ئاللاھ تائالا سەۋر قىلغۇچىلار توغرۇلۇق قىيامەت كۈنىدە دەيدۇكى، ( **إِنِّي جَزَيْتُهُمُ الْيَوْمَ بِمَا صَبَرُوا أَنَّهُمْ هُمُ الْفَائِزُونَ** )يەنى « بۈگۈن مەن ئۇلارغا سەۋر قىلغانلىقلىرىنىڭ مۇكاپاتىنى بەردىم، ئۇلار ھەقىقەتەن مەقسەتكە ئېرىشكەنلەردۇر»([46]).

### 2. ساقلاش ۋە كۈتۈش مەنىسىدىكى سەۋر

ساقلاش ۋە كۈتۈش مەنىسىدىكى سەۋر- بىرەر ئىشنىڭ نەتىجىسىنى تېز لا كۆرۈشكە ئالدىراپ ئۇ ئىشنى بۇزۇپ قويماسلىق ۋە ھەر نەرسىنىڭ قانۇنىيىتىگە بويسۇنۇپ ئىش كۆرۈش دېگەنلىكتۇر. چۈنكى ساقلاش ۋە كۈتۈشلەر دۇنيا قانۇنىيىتى ۋە رەت تەرتىپىدۇر. مەسىلەن: يەرگە ئۇرۇق سېلىپ بولغۇچىلا ئۈنمەيدۇ. ئۈنسىمۇ ھامان ھوسۇل بەرمەيدۇ. بەلكى ئۈنۈپ، ئۆسۈپ يېتىلىپ پىشقىچە كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ. تۆرەلمىمۇ تولۇق ئىنسان بولۇشى ئۈچۈن ئانىنىڭ قورسىقىدا بىر قانچە ئاي تۇرىدۇ. ۋاقىت دۇنيادىكى ھەر بىر ھەرىكەت ۋە جىملىقنىڭ كىيىمى. ئەگەر بىز ۋاقىتتىن ھالقىپ چىدامسىزلىق قىلساق، چىدىماسلىقنىڭ ئوتىدا ئازابلانغاندىن باشقا قانۇنىيەت بويىچە ھەرىكەت قىلىدىغان شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىدىن ھېچ نەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيمىز.

ئۆرۈكنى پىشىشتىن بۇرۇن قېقىۋەتكەن باغۋەن مول ھوسۇلدىن مەھرۇم قالىدۇ. شۇڭا «سەۋر قىلساڭ غورىدىن ھالۋا پۈتىدۇ» دېگەن ھېكمەت بار. ئىنسان ئۆزىنى سەۋر بىلەن قوراللاندۇرۇپ، قىيىنچىلىقلار ئالدىدا تەمتىرەپ قالمايدىغان، مەنزىل يىراق بولسىمۇ ئۈمىدسىزلەنمەيدىغان، مەسئۇلىيەتچانلىق قانچىلىك ئېغىر بولسىمۇ ئۈستىگە ئېلىشتىن قورقمايدىغان، ئىرادىلىك، پاراسەتلىك، قىيىنچىلىقتىن كېيىن ھامان ئوڭايلىقنىڭ، قاراڭغۇلۇقتىن كېيىن يورۇقلۇقنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان ئۈمىدۋارلىق، يىراقنى كۆرەر، تەدبىرلىك بولۇشى لازىم.

### 3. تەقدىرگە رازى بولۇش مەنىسىدىكى سەۋر

قايتۇرۇپ كېلىش مۇمكىن بولمايدىغان قولدىن بېرىشلەرنى ئۇنتۇپ كېتىش مەنىسىدىكى سەۋر- ئۆلۈم-يېتىمگە، بالايىئاپەتكە ئوخشىغان تەقدىرگە رازى بولۇشتىن باشقا چارىسى بولمىغان مۇسىبەتلەرگە ئاھ ئۇرۇپ ئۆزىنى تۆگەشتۈرمەي، ئۇنتۇپ كېتىش ئارقىلىق ھاياتنى داۋام قىلدۇرۇش دېگەنلىكتۇر. شۇنداقلا ھاياتلىق مۇساپىسىدىكى كۆلپەتلەرگە، ئوڭۇشسىزلىقلارغا، كېسەللىكلەرگە، نامراتلىققا چىداشلىق بېرىپ، ئۆزىنى يوقاتماسلىقمۇ بۇ تۈردىكى سەۋرنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق قىلغۇچىلارنى ماختاپ مۇنداق دېگەن: **(وَبَشِّرِ الصَّابِرِينَ. الَّذِينَ إِذَا أَصَابَتْهُمْ مُصِيبَةٌ قَالُوا إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ . أُولَئِكَ عَلَيْهِمْ صَلَوَاتٌ مِنْ رَبِّهِمْ وَرَحْمَةٌ وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُهْتَدُونَ)** يەنى«سەۋر قىلغۇچىلارغا

---

[45] نەھل سۈرىسى: 96– ئايەت.

([46]) مۇمىنۇن سۈرىسى:111-ئايەت.

(جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن. ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، چوقۇم ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز» دەيدۇ. ئەنە شۇلار رەببىنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر، ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر»([47]).

## 4. چىداملىق بولۇش مەنىسىدىكى سەۋر

چىداملىق بولۇش مەنىسىدىكى سەۋر- مۇشەققەتلەرگە، ئوڭۇشسىزلىقلارغا بوي ئەگمەستىن، مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ھارماي، تالماي تىرىشىش، چىداملىق، قايتماس ۋە ئىرادىلىك بولۇش دېگەنلىك بولۇپ، بۇ خىلدىكى سەۋرگە ئىگە بولغان ئادەم ھاياتىدا ئۇچرىغان چوڭ سىناقلار ئالدىدا تىت ــ تىت بولمايدۇ، گاڭگىراپ قالمايدۇ، تەقدىردىن ئاغرىنمايدۇ، ئەكسىچە ئۇنى ئاللاھنىڭ سىنىقى دەپ چۈشىنىپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىش ۋە سىناقتىن ئۆتۈش ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلىدۇ. چىداملىق بولۇش تۇرمۇشقا ئادىل قارايدىغان كىشىلەرنىڭ شوئارى، پىشىپ يېتىلگەن كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش مىزانىدۇر.

### ناھەقچىلىككە سۈكۈت قىلىش سەۋرچانلىق ئەمەس

نۇرغۇن كىشىلەر ئاللاھ تائالا ساۋاب ۋە كوپ ئەجىر بېرىشنى ۋەدە قىلغان سەۋرچانلىقنى توغرا چۈشەنمەي، زۇلۇمغا، ناھەقچىلىككە ۋە ئېزىلىشكە رازى بولۇشنى سەۋر قىلغانلىق دەپ ئويلايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق قىلغۇچىلارنى يامان كۆرىدۇ. ﴿**أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِينَ خَرَجُواْ مِن دِيَارِهِمْ وَهُمْ أُلُوفٌ حَذَرَ الْمَوْتِ فَقَالَ لَهُمُ اللهُ مُوتُواْ ثُمَّ أَحْيَاهُمْ إِنَّ اللهَ لَذُو فَضْلٍ عَلَى النَّاسِ وَلَـكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لاَ يَشْكُرُونَ**﴾ يەنى«ئۆزلىرى مىڭلارچە تۇرۇۋقلۇق، ئۆلۈمدىن قورقۇپ، يۇرتلىرىدىن قېچىپ چىققان كىشىلەردىن خەۋىرىڭ يوقمۇ؟ ([48]) ئاللاھ ئۇلارنى «ئۆلۈڭلار» دېدى (ئۇلار ئۆلدى). ئاندىن كېيىن ئۇلارنى تىرىلدۈردى، ئاللاھ ئىنسانلارغا ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىكتۇر ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى شۈكۈر قىلمايدۇ»([49]) دېگەن ئايەتتە قىسسىسى بايان قىلىنغان ئىنسانلارمۇ زۇلۇمغا رازى بولۇپ، ئۇنىڭغا قارشى چىقىشنى تەرك ئەتكەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغانلار ئىدى.

---

([47]) بەقەرە سۈرىسى:155-157-ئايەتلەر.

([48]) بۇ ئايەتتە ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بىر قەۋمنىڭ قىسسىسى بايان قىلىنىدۇ: پەيغەمبىرى ئۇلارنى دۈشمەنگە قارشى جىھاد قىلىشقا بۇيرۇغان. ئۇلار ئۆلۈمدىن قورقۇپ يۇرتلىرىدىن قېچىپ چىققان، ئاللاھنىڭ قازاسى بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلا ۋاقىتتا ئۆلگەن، ئاندىن پەيغەمبىرىنىڭ دۇئاسى بىلەن تىرىلگەن.

([49]) بەقەرە سۈرىسى: 243–ئايەت.

# شۈكۈر ۋە قانائەت

ئۆلىمالار «دۇنيادىكى مۇمكىن بولمايدىغان ماتېماتىكا سىزگە بېرىلگەن نېمەتلەرنى ساناپ چىقىشتۇر» دەيدۇ. دېمىسىمۇ، يەر - تېخنىكا تەرەققىي قىلىپ ھەممە نەرسىنى ساناپ چىقالىغان تەقدىردىمۇ، قۇمنىڭ سانىنى، دېڭىز دولقۇنلىرىنى ساناپ بېرەلەيدىغان ماتېماتىكا بولمىغاندەك، ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى ساناپ بېرەلەيدىغان يەر – تېخنىكا يوقتۇر. ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ تولىسى ئۆزىگە ئاتا قىلىنغان نېمەتلەرنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ، ھەتتا ھېس قىلمايدۇ. پەقەت شۇ نېمەتلەرنىڭ بىرەرسىدىن ئايرىلىپ قالغان چاغدىلا ئۇنىڭ قەدرىنى بىلىدۇ.

شۈكۈر— رەھمەت ئېيتىش، مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ۋە تەشەككۇر ئېيتىش دېگەنلىك بولۇپ، ئىسلام ئاتالغۇسىدا، ياخشىلىق قىلغانىنىڭ ياخشىلىقىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى ئەڭ ياخشى شەكىلدە قايتۇرۇش دېگەنلىكتۇر. شۈكۈر ئىماننىڭ يېرىمى بولۇپ، يەنە بىر يېرىمى سەۋرچانلىقتۇر. ئىمان بۇ ئىككىسى بىلەن تاكامۇللىشىدۇر. ئىمام ئىبنى رەجەب«شۈكۈر تىل، دىل ۋە ئىش- ھەرىكەت بىلەن ئادا قىلىنىدۇ»دېگەن [50].

1. تىل بىلەن ئادا قىلىنىدىغان شۈكۈر  نېمەت بەرگۈچىنىڭ نېمەتلىرىنى ۋە ئاتا-ئېھسانلىرىنى تىل ئارقىلىق سۆزلەش ھەم ساناش بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: **(وَأَمَّا بِنِعْمَةِ رَبِّكَ فَحَدِّثْ)** يەنى«رەببىڭنىڭ نېمىتىنى ئاغزىڭدىن چۈشۈرمە»[51] يەنى ئاللاھ تائالا ساڭا ئاتا قىلغان نېمەتلەرنى باشقىلار كەڭ سۆزلىگىن ۋە مىننەتدارلىقىڭنى سۆزدە ۋە ئەمەلدە كۆرسەتكىن دەپ تەلىم بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەنىنى تېخىمۇ ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈپ: « ئۆزىگە ئاتا قىلىنغان نېمەتنى كىشىلەرگە سۆزلەش شۈكۈر قىلغانلىق، ئۇنى يوشۇرۇش تۇزكورلۇق قىلغانلىقتۇر»[52] دېگەن.

2. دىل بىلەن ئادا قىلىنىدىغان شۈكۈر نېمەت بەرگۈچىنىڭ نېمەتلىرىنى ۋە ئاتا- ئېھسانلىرىنى ئېتىراپ قىلىش، يۈرەكتىن ئۇنىڭغا مىننەتدار بولۇش ۋە ئۇنى سۆيۈش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

تەبىئىيكى، بىراۋنىڭ قىلغان ياخشىلىقىنى ئېتىراپ قىلغان، ئۇنى يۈرىكىدىن سۆيگەن ۋە ئۇنىڭغا قارىتا ئۆزىنىڭ تەشەككۇر بۇرچى بارلىقىنى ھېس قىلغان ئادەم ئۇنى رازى قىلىش ۋە مەمنۇن قىلىش يولىدا قولىدىن كەلگەننى ئايىمايدۇ، ئۇنى رەنجىتىپ قويۇشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەيدۇ.

ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلار بۇنداق بولغان يەردە، تامامىي نېمەتلەرنىڭ ۋە چەكسىز ئاتا- ئېھساننىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ تائالاغا بولغان تەشەككۇر بۇرچىمىزنى قانداق ئادا قىلىشىمىز كېرەك؟ **(وَإِنْ تَعُدُّوا نِعْمَةَ اللَّهِ لَا تُحْصُوهَا)** يەنى «سىلەر ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر»[53]. ئاللاھ تائالا بىزگە ئاتا قىلغان سانسىز نېمەتلىرى ۋە چەكسىز ئاتا- ئېھسانلىرى بەدىلىگە بىزدىن كۆپ نەرسە تەلەپ قىلمايدۇ. پەقەت دىن ۋە دۇنيالىق ھەر قانداق بىر ئىشنى ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە قىلىش ۋە ھەر ئىشتا ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالدىنقى ئورۇندا قويۇپ، قېتىرقىنىپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭغىمۇ بېخىللىق قىلامىزمۇ ئەمدى؟

3. ئىش_ ھەرىكەت بىلەن ئادا قىلىنىدىغان شۈكۈر  نېمەت بەرگۈچىنىڭ نېمەتلىرىنى ۋە ئاتا- ئېھسانلىرىنى گۇناھ - مەسىيەتلەرگە، ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق بولىدىغان ئىشلارغا، شۇنداقلا ھەر قانداق بىر يامان ئىشقا سەرپ قىلماستىن، پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداشقا ۋە ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىش بىلەن بولىدۇ.

مەسىلەن: تەن ساقلىقتىن ئىبارەت بۇ كاتتا نېمەتنى ئالايلۇق، ئۇنى ئويۇن- تاماشا ۋە ھارام كۆڭۈل ئېچىشلارغا ئىشلىتىپ تۈگەتمەستىن، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش، ئۈستىمىزدىكى پەرز، ۋاجىبلارنى ئورۇنداش ۋە ئىنسانىيەت ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ئىشلارنى قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈش بۇ نېمەتنى ئاتا قىلغۇچىغا شۈكۈر ئادا قىلغانلىق بولىدۇ. ئەكسىچە قىلىش، نېمەت بەرگۈچىكە تۇزكورلۇق قىلغانلىق بولىدۇ.

**شۈكۈرنىڭ تۈرلىرى كۆپتۇر**

---

[50] ئىبنى رەجەب- تولۇق ئىسمى زەيندىدىن ئابدۇراھمان ئىبنى ئەھمەد بولۇپ، ھەنبەلىي مەزھىبىنىڭ نوپۇزلۇق ئالىملىرىدىن بىرى، 736-ھىجرىيە يىلى باغداتتا تۇغۇلغان، ئىمام ئىبنى قەييىم جەۋزىيدە ئوقۇغان، 20 پارچىغا يېقىن چوڭ ھەجىملىك دىنىي ئەسەر يازغان. ئەللامە ئىبنى رەجەب 795- ھىجرىيە يىلى ھازىرقى سۈرىيە پايتەختى دەمەشىق شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.
[51] دۇھا سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى ئايىتى.
[52]«مسند الإمام أحمد» 30-توم، 390-بەت، 18449-ھەدىس.
[53] ئىبراھىم سۈرىسى: 43_ ئايەت.

پۇل- مالنىڭ شۈكرىسى ئۇنى ئىسراپ قىلماستىن، پايدىسىز ئىشلارغا بۇزۇپ چاچماستىن قوللىنىش، ئۇنىڭ زاكىتىنى تولۇق بېرىش ۋە ئاللاھ تائالا رازى بولىدىغان ۋە ساۋاب بولىدىغان ئىشلارغا، شۇنداقلا ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىش بىلەن بولىدۇ.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىش «شۈكرى خۇدايىم» دەپ ئاغزاكى شۈكۈر ئېيتىش بىلەن ئادا تاپمايدۇ. بەلكى بۇ شۈكۈرنى ئەمەلدە قىلىپ كۆرسىتىش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ تۆردىكى شۈكۈر يوقسۇللارغا ۋە ھەر قانداق ھاجەت ئىگىسىگە ئاتىغانلىرىنى بېرىش بىلەنلا ئادا تاپىدۇ.

ئىلىم- مەرىپەتنىڭ شۈكرىسى بىلگەنلىرىگە تولۇق ئەمەل قىلىش، ئۇنى ئىنسانلارغا ئۆگىتىش، ئۇلارنىڭ بىلمىگەنلىرىنى بىلدۈرۈش بىلەن ئادا قىلىنىدۇ. پۇل-مالنىڭ زاكىتى شۇ پۇل- مالدىن مەلۇم مىقدارنى يوقسۇللارغا بېرىش بىلەن ئادا تاپقاندەك، ئىلىمنىڭ زاكىتى بىلگەنلىرىنى باشقىلارغا ئۆگىتىش ۋە بىلدۈرۈش بىلەن ئادا تاپىدۇ.

قانائەت ئىنساننى بەختلىك قىلىدىغان ئامىلدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قانائەت تۈگىمەس بايلىقتۇر»[54] دېگەن. ئىنساننىڭ نەپسىنى قانائەتتىن باشقا نەرسە تويغۇزالمايدۇ. قانائەت قىلمىغان كىشى ھەرگىز بەختلىك بولالمايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ بەرگىنىگە رازى بولۇپ قانائەت قىلغان ئادەم ئەڭ باي ئادەمدۇر. سىز سىزگە ئاتا قىلىنغان قامەتىڭىزگە، مال_ مۈلكىڭىزگە، پەرزەنتلىرىڭىزگە، تۇرالغۇڭىزغا ۋە قابىلىيىتىڭىزگە قانائەت قىلىشىڭىز لازىم. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىدۇر:«مەن ساڭا ئاتا قىلغاننى قوبۇل قىلغىن ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولغىن»[55].

سىزنىڭ قىممىتىڭىز، تالانتىڭىز، ياخشى ئەمەللىرىڭىز، باشقىلارغا يەتكۈزىدىغان مەنپەئەتىڭىز ۋە گۈزەل ئەخلاقىڭىزلا بولىدىكەن، سىز ئەڭ بەختلىك كىشىسىز. گەرچە سىزدە گۈزەل چىراي، كۆپ مال_دۇنيا، كۆپ پەرزەنت، يۇقىرى مەنسەپ، كاتتا ئابرۇي بولمىسىمۇ، سىز راستىنلا ئەڭ بەختلىك كىشىسىز. شۇڭا، سىز ئاللاھ تائالانىڭ تەقسىماتىغا رازى بولۇڭ. (**نَحْنُ قَسَمْنَا بَيْنَهُمْ مَعِيشَتَهُمْ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا**) يەنى «بىز ئۇلارنىڭ دۇنيا ھاياتىدىكى رىزقىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلدۇق»[56].

## ئادىللىق ۋە ھەققانىيلىق

ئادىللىق __ ھەربىر ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى كەم _ زىيادە قىلماي بېرىش ۋە ھەر ئىشتا ھەققانىي بولۇشتۇر.

ئادالەتنى بەرپا قىلىش ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن دىنىي، ئەخلاقىي مەجبۇرىيەت.

ئادالەتنى بەرپا قىلىش ھەقىقەتنى سۆيگەنلىكنىڭ ۋە ئۇنى قوغدىغانلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. چۈنكى ئادالەتنىڭ ۋەزىپىسى ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشتۇر. شۇڭا، ئادالەت بىلەت ھەقىقەت ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ناھايىتى زىچ باغلىنىشتۇر.

**ئادالەت تەلەپ قىلىنىدىغان ئىشلار**

ئادالەت تەلەپ قىلىنىدىغان ئىشلار ئىنتايىن كۆپتۇر. ھۆكۈمدە ئادالەتلىك بولۇش، بالىلار ئوتتۇرىسىدا ئادالەتلىك بولۇش، ئەر _ ئاياللارنىڭ بىر _ بىرىگە ئادالەتلىك مۇئامىلە قىلىشى، تارازىدا تارتقاندا ۋە ئۆلچەم- سېتىم ئىشلىرىدا ھەققانىي بولۇش، ھەرقانداق كىشىگە مۇئامىلە قىلىشتا ئادالەتلىك بولۇش قاتارلىق كۆپلىگەن ئىشلاردا ئادالەتلىك ۋە ھەققانىي بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

زامانىمىزدا ئەڭ ئومۇملاشقان ئادالەتسىزلىك سودا- سېتىق ئىشلىرىدا يۈز بېرىپ كەلمەكتە. تارازىدا ئادالەتلىك بولۇش دېگەنلىك تارازىدا تارتقاندا ياكى قانداقلا بىر ئۆلچەم ئەسۋابىدا ئۆلچىگەندە ئالدامچىلىقتىن تامامەن خالىي بولغان ھالدا،

---

[54] «المعجم الأوسط للطبراني» 7-توم، 84-بەت، 6922-ھەدىس.
(55) ئەئراف سۈرىسى: 144_ئايەت.
(56) زۇخرۇف سۈرىسى: 32-ئايەت.

راستچىللىق ۋە ئادىللىق بىلەن ئىش كۆرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا ئالغاندا تولۇق تارتىپ ئېلىپ، ساتقاندا كەم تارتىپ بەرگۈچىلەرنى قىيامەت كۈنىگە ئىشەنمىگۈچىلەر دەپ سۈپەتلەش ئارقىلىق ئۇلارغا قاتتىق ئازابنى ۋەدە قىلىش بىلەن تەھدىت ياغدۇرغان:(**وَيْلٌ لِّلْمُطَفِّفِيْنَ . الَّذِيْنَ إِذَا اكْتَالُواْ عَلَى النَّاسِ يَسْتَوْفُوْنَ . وَإِذَا كَالُوْهُمْ أَو وَّزَنُوْهُمْ يُخْسِرُوْنَ . أَلَا يَظُنُّ أُولَئِكَ أَنَّهُمْ مَّبْعُوْثُوْنَ . لِيَوْمٍ عَظِيْمٍ . يَوْمَ يَقُوْمُ النَّاسُ لِرَبِّ الْعَالَمِيْنَ**) يەنى«(ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا) كەم بەرگۈچىلەرنىڭ ھالىغا ۋاي! ئۇلار كىشىلەردىن ئۆلچەپ ئالغان چاغدا، تولۇق ئالىدۇ. كىشىلەرگە ئۆلچەپ ياكى تارتىپ بەرگەن چاغدا، كەم بېرىدۇ. ئۇلار بۈيۈك بىر كۈندە تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەمدۇ؟! ئۇ كۈندە ئىنسانلار ئالەملەرنىڭ رەببىنىڭ ھۇزۇرىدا تىك تۇرىدۇ»[57].

ھەققانىيلىقتىن ئىبارەت بۇ گۈزەل ئەخلاقتىن ھەقىقەت ئۈچۈن ئۆز مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىش، راستچىللىق، ئادىللىق، ۋاپادارلىق، ئىشەنچلىك بولۇش، سەمىمىيلىك، ۋەدىسىدە تۇرۇش قاتارلىق كۆپلىگەن گۈزەل ئەخلاقلار تۆرىلىنىپ چىقىدۇ. ھەقىقەتنى قوغداش يولىدا ئۆز مەنپەئەتىدىن كېچىش ھەققانىيلىقنىڭ ئەڭ راستچىل ۋە ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئىپادىسىدۇر.

ھەققانىيلىقتىن ئىبارەت بۇ گۈزەل ئەخلاقتىن چەتنەپ كېتىشتىن يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، خىيانەت، ۋاپاسىزلىق، سۆزىدە تۇرماسلىق، ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىش قاتارلىق نۇرغۇنلىغان رەزىل قىلىقلار تۇغۇلىدۇ.

ھەققانىيلىقتىن چەتنەپ كېتىشنىڭ سەۋەبلىرىمۇ كۆپ بولۇپ، ئاساسلىقى ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىك، نەپسانىيەتچىلىكتۇر.

ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىش ئەڭ قەبىھ ئەخلاقسىزلىقتۇر. شۇنىڭدەك، پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ پەزىلىتىنى، ئىلىم ئەھلىنىڭ ئىلمىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلىش گۈزەل ئەخلاقتىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالغان، رەزىللىك پاتقاقلىرىغا پاتقان بەختسىزلەرنىڭ ئىشىدۇر.

---

(57) مۇتەففىفىين سۈرىسى:1-6-ئايەتلەر.

# پىداكارلىق ۋە ساداقەتمەنلىك

ئاچكۆزلۈك، مەنمەنچىلىك، مەنپەئەتپەرەسلىك، شەخسىيەتچىلىك قاتارلىق ئىللەتلەر ئىنسان تەبىئىتىنىڭ بىر پارچىسى بولۇپ، ھەركىم ئۆزىنىڭلا پايدىسىنى ۋە دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن ئۆزىلا پايدىلىنىشنى ئويلايدۇ، كۈچىنىڭ يېتىشىچە مال ـ دۇنيا يىغىشنى كۆزلەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنسان تەبىئىتىنى تونۇشتۇرۇپ: ﴿ **قُلْ لَوْ أَنْتُمْ تَمْلِكُونَ خَزَائِنَ رَحْمَةِ رَبِّي إِذًا لَأَمْسَكْتُمْ خَشْيَةَ الْإِنْفَاقِ وَكَانَ الْإِنْسَانُ قَتُورًا** ﴾ يەنى «ئېيتقىنكى، «رەببىمنىڭ رەھمەت خەزىنىلىرى ئەگەر سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا بولىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇنى چىقىم (قىلىش بىلەن تۈگەپ كېتىشى)دىن قورقۇپ، چوقۇم بېخىللىق قىلاتتىڭلار، (چۈنكى) ئىنسان بېخىل كېلىدۇ» [58] دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئادەم بالىسىنىڭ مال _ دۇنياغا بولغان ھېرىسمەنلىكىنى بايان قىلىپ: «ئادەم بالىسى ئىككى ۋادى ئالتۇنغا ئىگە بولسىمۇ، ئۇ يەنە ئۈچىنچىسىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئادەم بالىسىنىڭ قورسىقىنى تۇپىدىن باشقىسى تويغۇزالمايدۇ» [59] دېگەن. ئىنسانلار تەربىيە بىلەن ئۆزگەرتىلمەستىن، مۇشۇ تەبىئىتى بويىچە قويۇپ بېرىلىدىغان بولسا، ئىنسانلار جەمئىيىتى ئۆزلىرىنىڭ شەخسىيەتچىلىكى ۋىجدانىغا ھاكىم بولغان، ئەقلى نەپسى خاھىشىغا ئەسىر بولغان، ئېلىشنى بىلىدىغان، بېرىشنى بىلمەيدىغان، ھەر ئىشتا ئۆز مەنپەئەتىنىلا كۆزلەيدىغان، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئازراق بولسىمۇ پىداكارلىق كۆرسىتىشنى ياقتۇرمايدىغان، ھەمىشە «مەن، مەن» دەيدىغان، «بىز» دېمەيدىغان، ھېچبىر زامان «ۋەتىنىم، خەلقىم» دېمەيدىغان، بېخىل، شەخسىيەتچى، مەنپەئەتپەرەس ئىنسانلار بىلەن تولغان بولاتتى. شۇڭا بىزنىڭ ئۇلۇغ دىنىمىز ئىنسان تەبىئىتىدىكى بۇ خىل ئىللەتلەرنى داۋالاپ، ئىنساننىڭ ئەخلاقىدىكى ناچارلىقلارنى ئوڭشاپ، ئۇلارنى ئۆزى ئۈچۈنلا ئەمەس، باشقىلار ئۈچۈنمۇ ياشايدىغان، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆز مەنپەئەتىم دەپ بىلىدىغان پىداكار، ساداقەتمەن كىشىلەردىن قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىدىغان گۈزەل ئەخلاق پىرىنسىپلىرىنى ئېلىپ كەلگەن.

تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇپ ياشىشى ۋە دۇنيا بىلەن پۈتۈنلىشىپ ئارزۇ- ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ئۈچۈن شۇ مىللەت خەلقىنىڭ پىداكارلىقى ۋە بىر- بىرىگە بولغان ساداقەتمەنلىكى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ھەرقانداق بىر مىللەت زۇلۇمدىن، مۇستەملىكىدىن قۇتۇلۇش ۋە قەد كۆتۈرۈش ئۈچۈن جاپادىن قورقمايدىغان، بارلىقىنى خەلقى، مىللىتى ۋە ۋەتىنى ئۈچۈن ئاتىيالايدىغان، ۋەتىنى ئۈچۈن ھەر نەرسىسىدىن كېچەلەيدىغان، مال _ مېلىنى تەقدىم قىلالايدىغان، زۆرۈر كەلسە جېنىنى بېرەلەيدىغان، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى خەلقىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن قۇربان قىلالايدىغان، دەۋاسىغا ساداقەتمەن، پىداكار شەخسلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا موھتاج.

بۇنداق ئالىيجاناب شەخسلەرنى ھازىر نەدىن تاپقىلى بولىدۇ؟ ئۇلار قايسى مەكتەپتىن يېتىشىپ چىقىدۇ؟ بۇنداق شەخسلەرنى پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قۇرغان «ئىمان» ناملىق ئالىي مەكتەپتىن تاپقىلى بولىدۇ، ئۇلار مۇشۇ مەكتەپتىن يېتىشىپ چىقىدۇ. ئىمان ئۆز ۋاقتىدا ئەنە شۇنداق ئالىيجاناب شەخسلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىققان ۋە ھازىرمۇ يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا ئەلۋەتتە قادىر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ پىداكارلىقى بىلەن چارەك ئەسىرگە يەتمەيدىغان بىر ۋاقىت ئىچىدە ئىسلام دىنىنى پۈتۈن ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئومۇملاشتۇرغان بولسا، ئۇنىڭ ساھابىلىرى بولسا ئۆزلىرىنىڭ ساداقەتمەنلىكى بىلەن بۇ ئۇلۇغ دىنىنى ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا يەتكۈزگەن.

### بۇرۇنقىلار بىزگە ئۈلگە

ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرلىرىدە ياشىغان كىشىلەر بىر- بىرىگە بولغان ساداقەتمەنلىكى، ئۆز ئەقىدىسىگە بولغان پىداكارلىقى يۈزىسىدىن ئەزىز ۋە كۈچلۈك بولۇپ ياشىغان، ھەتتا ئۇلار دۇنيانىڭ ئۈچ قىتئەسىدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن. ئەپسۇسكى، 16- ئەسىردىن باشلاپ تا ھازىرغىچە قۇرئان قارىيلارنىڭ رامىزاندا خەتمە ئوقۇپ، ئىماملارنىڭ نەزىرە _ چىراغلاردا، مازارلاردا قىرائەت قىلىپ پۇل تاپىدىغان ئىقتىساد دەستۇرىغا ئايلىنىپ قالغان. مۇسۇلمانلاردا ئومۇميۈزلۈك ئىمان ئاجىزلىقى، ئەخلاق بۇزۇلۇشى، ئىخلاس كىرىزىسى، پىداكارلىق ۋە ساداقەت نامراتلىقى يۈز بەرگەنلىكتىن، بۇرۇن كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا ۋەھىمە سالغان بۇ ئىمان ھازىر ئۇلارنى ئەمەس، ئۆزىمىزنى قورقىتىدىغان بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالغان. قۇرئان ئايەتلىرى بىزگە تەسىر قىلمايدىغان بولۇپ قالغان. ئۆز ۋاقتىدىكى مۇشرىك ئەرەبلەر «لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» دېگەن كەلىمە تەييىبەنىڭ مەنىسىنى ۋە مەقسىتىنى بۈگۈنكى مۇسۇلمانلاردىن ئەلۋەتتە ياخشى

---

(58) ئىسرا سۈرىسى: 100- ئايەت.

(59) «صحيح البخاري» 8- توم، 92- بەت، 6436- ھەدىس.

بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن «مۇشۇ كەلىمىدىن باشقا نېمە سورىسىڭىز ئورۇندايمىز ___ بايلىق دېسىڭىز پۈتۈن بايلىقىمىزنى سىزگە توپلاپ بېرەيلى، مەنسەپ دېسىڭىز سىزنى ئۆزىمىزگە پادىشاھ قىلىۋالايلى، بۇنىڭدىن باشقا نېمە دېسىڭىز ئورۇندايمىز، ئەمما بۇ كەلىمىنى ئېيتمايمىز» دەپ تۇرۇۋالغان. ئۇلار نېمە ئۈچۈن بۇ بىر جۈملە سۆزنى ئېيتماسلىقتا شۇنچىلىك چىڭ تۇردى؟ چۈنكى، بۇ كەلىمىنىڭ مەنىسى: ئاللاھ تائالادىن باشقا ئېتىقاد قىلىشقا، ئىشەنچ قىلىشقا، ئىتائەت ۋە ئىبادەت قىلىشقا، تايىنىشقا، ئىخلاس باغلاشقا، بويسۇنۇشقا لايىق ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، ھاياتنى بەرگۈچى، جاننى ئالغۇچى ۋە رىزىق بەرگۈچى ئاللاھ تائالادۇر، يەر يۈزىدىكى بارلىق جان ئىگىلىرىنىڭ رىزقى ئاللاھ تائالادىن كېلىدۇ، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم كىشىلەرگە پايدا - زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، دېگەنلىك. ئەمما بىز تۇغۇلغان كۈنىمىزدىن باشلاپلا مۇسۇلمان بولۇپ ئاتالغىنىمىز ئۈچۈن، بۇ كەلىمىنىڭ قىممىتىنى بىلمەيمىز، ئۇنىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى تولۇق چۈشەنمەيمىز. بۇ كەلىمە زامانىمىزغىچە ئوڭاي يېتىپ كەلگەن ئەمەس، بەلكى نۇرغۇنلىغان پىداكارلىقلارنىڭ نەتىجىسىدە يېتىپ كەلگەن.

# مەردلىك ۋە سېخىيلىق

دۇنيادا مەردلىك بىلەن سېخىيلىقنى ماختىمايدىغان بىرەر مىللەت، بىرەر دىن ۋە بىرەر پەلسەپە بولمىسا كېرەك. مەردلىك بىلەن سېخىيلىق ماختاشقا تېگىشلىك گۈزەل ئەخلاق بولغىنىدەك، بېخىللىق بىلەن نامەردلىك پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ لۇغىتىدە سۆكۈلىدىغان ناچار ئەخلاقتۇر. قۇرئان كەرىمنىڭ كۆپلىگەن ئايەتلىرىدە بېخىللىق بىلەن نامەردلىك سۆكۈلگەن. ئاللاھ تائالا مەردلىك بىلەن سېخىيلىقنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشىدىغان مۇئمىنلەرنىڭ سۈپىتى قىلىپ كۆرسىتىپ مۇنداق دېگەن: ﴿اَلَّذِينَ يُؤْمِنُوْنَ بِالْغَيْبِ وَيُقِيْمُوْنَ الصَّلاَةَ وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنْفِقُوْنَ﴾ يەنى «ئۇلار غەيبكە ئىشىنىدىغان، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىدىغان، بىزنىڭ بەرگەنلىرىمىزدىن (ئاللاھ يولىدا) سەرپ قىلىدىغان كىشىلەردۇر»[60]. ئاللاھ تائالا بېخىللىق بىلەن نامەردلىكنى سۆكۈپ مۇنداق دېگەن: (**وَأَمَّا مَن بَخِلَ وَاسْتَغْنَى. وَكَذَّبَ بِالْحُسْنَى. فَسَنُيَسِّرُهُ لِلْعُسْرَى. وَمَا يُغْنِي عَنْهُ مَالُهُ إِذَا تَرَدَّى**) يەنى «بېخىللىق قىلىپ (ئاللاھتىن) ئۆزىنى بىھاجەت ھېسابلىغان، كەلىمە تەۋھىدنى ئىنكار قىلغان ئادەمگە كەلسەك، بىز ئۇنىڭغا يامان ئىشلارنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىمىز. ئۇ (دوزاخقا) تاشلانغان چاغدا، ئۇنىڭ پۇل _ مېلى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ»[61]، ﴿**وَمَنْ يَبْخَلْ فَإِنَّمَا يَبْخَلُ عَنْ نَّفْسِهِ**﴾ يەنى «كىمكى بېخىللىق قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن بېخىللىق قىلغان بولىدۇ»[62].

### بېخىللارنىڭ ھالاكىتى ئۆز قولىدا

ئاللاھ تائالا بېخىللارنى زالىملار دەپ سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَا أَنْفَقْتُم مِّن نَّفَقَةٍ أَوْ نَذَرْتُم مِّنْ نَّذْرٍ فَإِنَّ اللهَ يَعْلَمُهُ وَمَا لِلظَّالِمِيْنَ مِنْ أَنصَارٍ﴾ يەنى «نېمىنى خەير – ئېھسان قىلماڭلار ياكى (ئاللاھ يولىدا) نېمىنى ۋەدە قىلماڭلار، ئاللاھ ئۇنى چوقۇم بىلىپ تۇرىدۇ. زالىملارغا ھېچقانداق مەدەتكار چىقمايدۇ »[63] دەيدۇ.

ئاللاھ تائالا بېخىللارنىڭ ھالاكىتى ئۆز قولىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېگەن: ﴿**وَمَنْ يَبْخَلْ فَإِنَّمَا يَبْخَلُ عَنْ نَّفْسِهِ**﴾ يەنى «كىمكى بېخىللىق قىلىدىكەن، ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ زىيىنىغىلا بېخىللىق قىلىدۇ»[64]، ﴿**وَلاَ يَحْسَبَنَّ الَّذِينَ يَبْخَلُونَ بِمَا آتَاهُمُ اللهُ مِن فَضْلِهِ هُوَ خَيْرًا لَّهُمْ بَلْ هُوَ شَرٌّ لَّهُمْ**﴾ يەنى «بېخىللىق قىلغۇچىلار بېخىللىقنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ گۇمان قىلمىسۇن، ئەمەلىيەتتە، بۇ ئۇلار ئۈچۈن زىيانلىقتۇر»[65].

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ روناق تېپىپ گۈللىنىشى، ئۆز دۆلىتىگە ئۆزى ئىگە بولۇپ تۇرالىشى ۋە قەد كۆتۈرۈپ دۇنيا بىلەن پۈتۈنلىشىشىدىكى ئاساسلىق ئامىل شۇ مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزئارا قېرىنداشلارچە مېھرىبانلىقى، بىر-بىرىنى قىيىنچىلىقلاردىن قۇتۇلدۇرۇشى ۋە خالىسانە ياردەملىشىشى قاتارلىقلاردۇر. ئۆزئارا ياردەملەشمىگەن، بىر _ بىرىنى قۇتقۇزمىغان ۋە بىرلىشەلمىگەن بىر مىللەتنى باشقىلارنىڭ قۇتۇلدۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر بايلىرىمىز يوقسۇللارغا خالىسانە ياردەم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئوقۇغۇتالمىغان بالىلىرىنى ئوقۇتۇپ، ھەرخىل ماددىي قىيىنچىلىقلىرىنى تەڭ كۆتۈرىدىغان، ۋەتەنىنىڭ ۋە مىللەتنىڭ ئىشىغا قولىدىن كەلگەنچە ياردەم بېرىدىغان بولسا ئىدى، بىز كېلەچەكى ئۈمىدلىك، بەختلىك بىر مىللەت بولار ئىدۇق.

### سېخىيلىق ئابىدىسى ھاتەم

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇن ئۆتكەن ھاتەم تائى دېگەن بىر ئادەم ئەرەبلەردە مەردلىك ۋە سېخىيلىقنىڭ بىردىنبىر ئۈلگىسى ۋە نەمۇنىسى بولۇپ ئۆتكەنىكەن. ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى شائىرلاردىن باشلاپ ھازىرقى شائىرلارغا قەدەر ھەرقانداق بىر شائىر سېخىيلىق بىلەن مەردلىكنى ماختىماقچى بولسا ھاتەمنى ئۈلگە قىلىدۇ.

### بېخىللىق ئوبرازى قارۇن

---

(60) بەقەرە سۈرىسى: 3 ـ ئايەت.

(61) لەيل سۈرىسى: 8-11 ـ ئايەتلەر.

(62) مۇھەممەد سۈرىسى: 38 ـ ئايەت.

(63) بەقەرە سۈرىسى: 270- ئايەت.

(64) مۇھەممەد سۈرىسى: 38 ـ ئايەت.

(65) ئال ئىمران سۈرىسى: 180- ئايەت.

هاتەمنىڭ ئەكسىچە، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا قارۇن ئىسىملىك بىر باي ئۆتكەن بولۇپ، قارۇن بېخىللىق بىلەن نامەردلىكنىڭ بىردىنبىر ئوبرازى بولۇپ قالغان. يەھۇدىي، خىرىستىيان ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خەلقلەرنىڭ قەلبىدە قارۇن ئوبرازى لەنەتلىك بىر ئوبراز بولۇپ ساقلىنىپ كەلمەكتە. قۇرئان كەرىم قارۇن قىسسىسىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: (**إِنَّ قَارُونَ كَانَ مِن قَوْمِ مُوسَى فَبَغَى عَلَيْهِمْ وَآتَيْنَاهُ مِنَ الْكُنُوزِ مَا إِنَّ مَفَاتِحَهُ لَتَنُوءُ بِالْعُصْبَةِ أُولِي الْقُوَّةِ إِذْ قَالَ لَهُ قَوْمُهُ لَا تَفْرَحْ إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ الْفَرِحِينَ . وَابْتَغِ فِيمَا آتَاكَ اللَّهُ الدَّارَ الْآخِرَةَ وَلَا تَنْسَ نَصِيبَكَ مِنَ الدُّنْيَا وَأَحْسِنْ كَمَا أَحْسَنَ اللَّهُ إِلَيْكَ وَلَا تَبْغِ الْفَسَادَ فِي الْأَرْضِ إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ الْمُفْسِدِينَ. قَالَ إِنَّمَا أُوتِيْتُهُ عَلَى عِلْمٍ عِنْدِيْ**) يەنى «ھەقىقەتەن قارۇن مۇسانىڭ قەۋمىدىن ئىدى. ئەمما قارۇن ئۇلارغا چوڭچىلىق قىلغان ئىدى، بىز ئۇنىڭغا خەزىنىلەردىن شۇنچىلىك كۆپ بەرگەن ئىدۇقكى، ئۇنىڭ (خەزىنىلىرىنىڭ) ئاچقۇچلىرى (نى كۆتۈرۈش) كۈچلۈك بىر جامائەگىمۇ ھەقىقەتەن ئېغىر كېلەتتى. ئۆز ۋاقتىدا قەۋمى ئۇنىڭغا ئېيتتى: «كۆرەڭلەپ كەتمە. چۈنكى ئاللاھ كۆرەڭلەپ كەتكۈچىلەرنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ئاللاھنىڭ ساڭا بەرگەنلىرى (نى توغرا يولغا سەرپ قىلىش) بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنۇتمىغىن، ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەنمۇ (باشقىلارغا) ياخشىلىق قىلغىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقنى تىلىمىگىن. چۈنكى ئاللاھ بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ».(قارۇن): «مەن بۇ بايلىققا پەقەت مېنىڭ ئالاھىدە بىلىمىم بولغانلىقتىن ئېرىشتىم» دېدى»[66].

ئايەتتە كۆرگىنىمىزدەك، قارۇن مال _ دۇنياسىدىن ئېھتىياج ئېگىلىرىگە چىقىم قىلىشنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇنى تىرىك تۇرغۇزۇپ، مال _ دۇنياسى بىلەن قوشۇپ، يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىدۇ: ﴿**فَخَسَفْنَا بِهِ وَبِدَارِهِ الْأَرْضَ فَمَا كَانَ لَهُ مِنْ فِئَةٍ يَنْصُرُوْنَهُ مِنْ دُوْنِ اللَّهِ وَمَا كَانَ مِنَ الْمُنْتَصِرِيْنَ**﴾ يەنى «نىھايەت قارۇننى ئۇنىڭ ئۆيى _ جايى بىلەن قوشۇپ يەرگە يۇتقۇزۇۋەتتۇق. ئۇنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قوغداپ قالىدىغان بىرەر جامائە بولمىدى، قارۇن ئۆزىمۇ ئۆزىنى قوغداپ قالالمىدى»[67].

### بايلىق بىلەن نام _ نىشانە تېكلىگىلى بولمايدۇ

دۇنيادا تونىلاپ ئالتۇن ۋە مىلياردلاپ دوللار يىغقان مىلياردېرلارنىڭ نام _ نىشانىسى قالماستىن، بەلكى بايلىقى ئازراق بولسىمۇ، شۇ بايلىقىدىن ئىنسانىيەتكە، خۇسۇسەن ئۆز مىللىتىنىڭ ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن ياردەم قىلغان جانكۆيەرلەرنىڭ نام _ شۆھرىتى كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ قەلبىدە ئورۇن ئېلىپ، تىللاردا داستان كەلمەكتە.

بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدىن نەچچە ئون مىڭلىغان كاتتا بايلار چىققان بولسىمۇ، ئۇلاردىن ھېچبىرىنىڭ نام-نىشانىسى قالماي، يۈز يىلدىن بېرى ئاكا- ئۇكا مۇساباييۇۋلارنىڭ نامى يادلىنىپ، شۆھرىتى ماختىلىپ، ئىش-ئىزلىرى سۆزلىنىپ كەلمەكتە. خەلقىمىزنىڭ ئۇلارغا بولغان ياخشى دۇئاسى داۋاملىشىپ كەلمەكتە. چۈنكى ئۇلار بار بايلىقىنى ئىشلىتىپ، ئۆز خەلقىنى ئاقارتىش، پەرزەنتلەرنى تەربىيەلەش ئۈچۈن مەكتەپ سالغان، ياشلارغا ئىشلەپچىقىرىشنى ئۆگىتىش ئۈچۈن زاۋۇد قۇرغان ئەزىمەتلەر ئىدى.

دۇنيادا ھەرقانداق بىر ئادەم ئۆزىنىڭ نام _ نىشانىسىنىڭ ياخشى ئاتاقلار بىلەن قېلىشىنى، خۇددى ھاتەمدەك، مەردلىك بىلەن سېخىيلىقنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ، ئەۋلادلىرىنىڭ تىللىرىدا ماختىنىشنى، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىمۇ شان- شەرەپلىك بولۇشنى ياقتۇرىدۇ، ئەلۋەتتە. ئەكسىچە، دۇنيادا ھېچكىم ئۆزىنىڭ نام _ نىشانىسىنىڭ قارۇندەك بېخىللىققا ۋە نامەردلىككە مىسال بولۇپ قېلىشىنى ۋە خەلقىنىڭ ئېغىزىدا لەنەتكە لايىق بولۇپ قېلىشىنى خالىمايدۇ.

---

(66) 28- سۈرە قەسەس 76~78- ئايەتلەر

(67) 28- سۈرە قەسەس 81- ئايەت

# رەھىم _ شەپقەت

رەھىم _ شەپقەت ھەممىمىز ياخشى بىلىدىغان، قۇلاقلارغا چىرايلىق ئاڭلىنىدىغان بىر سۆز. رەھىم _ شەپقەتنىڭ مەنىسى ھەممىگە شۇنچىلىك ئېنىق تونۇشلۇق بولسىمۇ، رەھىم _ شەپقەت ئارىمىزدا تېپىلىشى ئىنتايىن ئاز بولغان، بەلكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن ئۆچۈرۈلۈپ كەتكەن بىر ئەخلاقىقا ئايلىنىپ قالدى.

پۈتۈن ئىنسانىيەت ئاللاھ تائالانىڭ رەھىم _ شەپقىتىگە زور ئېھتىياجلىق بولۇپ، ھەممە ئۇنىڭ رەھىم _ شەپقىتىنى تىلەيدۇ. بىز مۇسۇلمانلار ھەمىشە، ھەر نامىزىمىزدا ۋە دۇئالىرىمىزدا ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە رەھىم _ شەپقەت قىلىشىنى، گۇناھلىرىمىزنى ئەپۇ قىلىشىنى تىلەپ كېلىۋاتىمىز. بىز ئاللاھ تائالانىڭ رەھىم _ شەپقىتىگە موھتاج بولغاندىكىن، نېمە ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە رەھىم _ شەپقەت قىلمايمىز؟

### 1. ئاتا _ ئانىلارغا رەھىم _ شەپقەتلىك بولۇش

ئاتا _ ئانىغا رەھىم _ شەپقەتلىك بولۇش ئۇلارنى قانداقلا بىر رەۋىشتە بولمىسۇن، رەنجىتىپ قويۇشتىن ساقلىنىش، ئۇلارنى ئاسراش، ئۇلارغا جان _ دىل بىلەن خىزمەت قىلىپ، كۆڭۈللىرىنى ئېلىش، ماددىي ۋە مەنىۋى يۈكىنى يەڭگىللىتىش، كۆڭۈلسىزلىكلىرىگە تەسەللى بېرىپ يېنىدا بولۇش، خۇشاللىقلىرىنى بىرگە تەنتەنە قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئاتا _ ئانىسىنى قاقشىتىپ، ئۇلارنى زار _ زار يىغلاتقانلار ئۇلارغا رەھىم _ شەپقەت قىلغان بولامدۇ؟

ئاتا _ ئانىسىنى ئالداپ قويۇپ يىگىتلەر بىلەن خۇپىيانە مۇناسىۋەت قۇرغان قىزلار ئاتا _ ئانىسىغا رەھىم _ شەپقەت قىلغان بولامدۇ؟ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي قالسا، ئاتا _ ئانىسىنىڭ قاتتىق بىئارام بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ياخشى ئوقۇمىغان ئوقۇغۇچىلار ئاتا _ ئانىسىغا رەھىم _ شەپقەت قىلغان بولامدۇ؟

ئاتا _ ئانىسىنى ھەر دائىم زىيارەت قىلىپ يوقلاپ، ھال _ ئەھۋال سوراپ تۇرماستىن، تېلېفون ئارقىلىقلا ھال سوراپ قويىدىغانلار (بەزىلەردە ئۇمۇ يوق) ئۇلارغا رەھىم _ شەپقەت قىلغان بولامدۇ؟

ھالبۇكى، ئاتا _ ئانا بالىلىرىنىڭ تېلېفوندىكى ئاۋازىغا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ دىدارىنى كۆرۈشنى ۋە پېشانىسىگە سۆيۈپ قويۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

ئاتا _ ئانىسىغا ئېھتىياجلىق نەرسىلىرىنى ئەۋەتىپ قويۇپ، ئۇلارنى ھەپتىلەپ، ئايلاپ، ھەتتا يىللاپ كۆرمەيدىغانلار ئۇلارغا رەھىم _ شەپقەت قىلغان بولامدۇ؟

ھالبۇكى، ئاتا _ ئانىلار بالىلىرىنىڭ مال _ دۇنياسىغا، سوۋغا _ سالاملىرىغا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ دىدارىغا موھتاج. ئاتا _ ئانىلارنى بۇ نېمەتتىن نېمە ئۈچۈن مەھرۇم قىلىمىز؟

شەكسىزكى، مۇنداق قىلىدىغانلار ئاتا _ ئانىسىنى قاقشاتقانلاردۇر.

### 2.ئۇرۇق _ تۇغقانلارغا رەھىم _ شەپقەت قىلىش

ئۇرۇق _ تۇغقانلارغا رەھىم _ شەپقەت قىلىش ئۇلارنى باي _ كەمبەغەل دەپ ئايرىماي، قىلدى _ قىلمىدى دەپ ھېسابلاشماستىن، ئىززىمىدى دەپ ئاغرىنماي، ياخشى _ يامان دەپ پەرقلەندۈرمەي، قولىدىن كەلگەن ياخشىلىقلارنى قىلىش، قىيىنچىلىق تارتىپ قالغانلىرىغا ماددىي ياردەم قىلىش، قانداقلا بىر ئىش ئۈچۈن ھازىر بولۇش، ھېيت _ ئايەم كۈنلىرىدە ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بىرىنچى بولۇپ قەدەم تەشرىپ قىلىش، مۇسىبەتلىك ۋە غەمكىنلىك كۈنلىرىدە ئۇلارنىڭ يېنىدا بىللە بولۇش قاتارلىق ئىشلار بىلەن ئۇلارغا تۇغقانچىلىقنى يەتكۈزۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

### 3. بالىلارغا رەھىم _ شەپقەت قىلىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن رەھىم _ شەپقەت تۈرلىرىدە ئىنسانىيەتكە ئەڭ ياخشى ئۈلگە بولغىنىدەك، بالىلارغا رەھىم _ شەپقەت قىلىشتىمۇ ئەڭ ياخشى ئۈلگە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ئەقرە ئىبنى ھابىس دېگەن كىشى بىلەن ئولتۇراتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى ھەسەن ئىبنى ئەلى كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى سۆيۈپ، قۇچاقلاپ باغرىغا باسىدۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئەقرەئ ئىبنى ھابىس بۇ ئىشقا ھەيرانلىقىنى

ئىپادىلەپ: «مېنىڭ ئون بالام بار، ئۇلاردىن بىرىنىمۇ سۆيۈپ باقمىدىم» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئادەمنىڭ تاش يۈرەكلىكىگە ئەجەبلىنىپ: «رەھىم _ شەپقەت قىلمايدىغانلار رەھىم _ شەپقەتكە ئېرىشەلمەيدۇ»[68] دەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىچىك بالىلارغا بولغان رەھىم _ شەپقىتى شۇنچىلىك چوڭ ۋە كۆچلۈك ئىدىكى، ھەتتا نامازنى باشلاپ، ئۇزۇن سۈرىلەرنى ئوقۇشنى نىيەت قىلغان بولسىمۇ، «ئانىلىرى بىلەن مەسجىدكە كەلگەن كىچىك بالىلارنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ قېلىپ، نامازنى قىسقا ئوقۇدۇم»[69] دەيتتى.

بالىلارنى چىرايلىق كىيىندۈرۈپ، قورسىقىنى ياخشى تويغۇزۇپ باققانلىقىنىڭ ئۆزىلا ئۇلارغا رەھىم _ شەپقەت قىلغانلىقنى يېتمايدۇ. بەلكى ئۇلارنى كېلەچەكتە ئەلگە پايدىلىق ياخشى ئادەم قىلىپ تەربىيەلەش يولىدا كۆيۈمچانلىق كۆرسىتىش، ئۇلارنىڭ ئەقلىگە چۈشۈپ تۇرۇپ مۈشكۈللىرىنى بىرگە ھەل قىلىش، ئۇلارنى ئۇرماستىن، خورلىماستىن ياخشى ۋە ئۆلگىلىك مۇئامىلە قىلىش رەھىم _ شەپقەتنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

## 4. ئاياللارغا رەھىم _ شەپقەتلىك بولۇش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارغا ئەڭ مېھىر _ شەپقەتلىك زات ئىدى. ئاياللىرىغا بەكمۇ كۆيۈنەتتى، ئۇلارنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتى، دەردلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ تىڭشايتتى. پىكىرلىرىنى ئاڭلايتتى، ھەتتا ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشلاردىمۇ ئاياللىرى بىلەن كېڭىشەتتى، پىكىرلىرىنى ئالاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى ئاياللىرىغا رەھىم _ شەپقەتلىك بولۇشقا قاتتىق تەشەببۇس قىلىپ: «مۇئمىنلەردىن ئىمانى ئەڭ كامىل بولغىنى ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل بولغىنىدۇر»، «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار ئۆز ئەھلىگە ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغانلىرىڭلاردۇر»[70] دەيتتى.

مېھىر _ مۇھەببەت ئاياللارنى ئاسراش ۋە ئۇلارغا ھۆرمەت قىلىشتىن باشلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەشھۇر ۋىدا خۇتبىسىدە ۋە ۋاپات بولۇش ئالدىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ۋەسىيىتىدە: «ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار» دەپ ۋەسىيەت قىلغان.

قىزلارنى ئوغۇللاردىن تۆۋەن كۆرۈش، ئۇلارغا قوپال مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارنى تەبىئىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئېغىر ئىشلارغا بۇيرۇش، «قىز بالا ئوقۇپ نېمە بولاتتى» دەپ ئۇلارنى ئوقۇشتىن مەھرۇم قىلىش، بەزىبىر ئەسكى ئۆگەي ئانىسىنىڭ نەيرەڭلىرىگە ئىشىنىپ ئۇلارنى ئىزىش، ھاقارەتلەش، ھەتتا ئۇرۇش، ئۇلارنىڭ دەردىگە قۇلاق سالماي، نازۇك كۆڭلىگە ئازار قىلىش قاتارلىق ناچار ئىشلارنى قىلىدىغان ئاتىلار قەلبلىرىدىن رەھىم _ شەپقەت سۇغۇرۇپ ئېلىنغان بەختسىز كىشىلەردۇر. مۇنداقلار قانچىلىك تەقۋا سۈرەتلىك مۇسۇلمان بولۇپ كەتسۇن، قانچىلىك چوڭ ئالىم _ ئۆلىما ياكى قارىي _ قۇرئان، ھاجى _ ھەرەم بولۇپ كەتسۇن، بەرىبىر كۆڭلىدە رەھىم _ شەپقەت بولمىغان ئىكەن، ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلىشى ناتايىن.

## 5. ھايۋانلارغا رەھىم _ شەپقەتلىك بولۇش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەم يولدا كېتىۋېتىپ قاتتىق ئۇسساپ كەتتى، يولدا بىر قۇدۇق ئۇچرىتىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا چۈشۈپ سۇ ئىچتى. سىرتقا چىققىنىدا، ئۇسسۇزلۇقتىن تىلى ساڭگىلاپ، تۇپراقنى يەۋاتقان بىر ئىتنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئادەم ئۆز _ ئۆزىگە ‹بۇ ئىت ماڭا ئوخشاش قاتتىق ئۇسساپ كېتىپتۇ›دېدى _ دە، قۇدۇققا چۈشۈپ ئۆتۈكىگە سۇ تولدۇرۇپ، چىشى بىلەن ئۆتۈكنى چىشلەپ، قولى بىلەن قۇدۇقنىڭ گىرۋىكىنى تۇتۇپ قۇدۇقتىن چىقىپ، ھېلىقى ئىتنى سۇغاردى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بۇ ئىشىغا خۇرسەن بولۇپ، ئۇنىڭ بارچە گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىۋەتتى»[71].

## 7. ئاسىي _ گۇناھكار كىشىلەرگە رەھىم _ شەپقەتلىك بولۇش

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿كَذَٰلِكَ كُنْتُم مِّنْ قَبْلُ فَمَنَّ اللهُ عَلَيْكُمْ﴾ يەنى «ئىلگىرى سىلەرمۇ ئەنە شۇنداق ئىدىڭلار، كېيىن ئاللاھ سىلەرگە ئىلتىپات قىلدى»[72] دېيىش ئارقىلىق بىزنى ئۆتكەن كۈنلىرىمىزنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىزغا، كىشىلەرنى گۇناھ _ مەسىيەتلىرى سەۋەبلىك مەسخىرە قىلماسلىقىمىزغا، ئۇلارغا نەپرەت قىلغانلىقتىن، ئۇلارنى چەتكە قاقماسلىقىمىزغا

(68) «سنن أبي داود» 4-توم، 355-بەت، 5218-ھەدىس
(69) «صحيح مسلم» 1-توم، 342-بەت، 470-بەت.
(70) «سنن الدارمي» 3-توم، 1840-بەت، 2834- ھەدىس. «سنن ابن ماجه» 1-توم، 636-بەت، 1977-ھەدىس.
(71) «صحيح مسلم» 4-توم، 1761-بەت،2244-بەت.
(72) نىسا سۈرىسى: 94-ئايەت

ۋە ئۇلارغا كامالىي مېھرىبانلىقىمىزنى كۆرسىتىپ، يامان يولدىن قايتۇرۇشىمىزغا چاقىرىدۇ.

دۇنيادا گۇناھ قىلمايدىغان، خاتالاشمايدىغان ئادەم يوق. ھەر قانداق ئادەم گۇناھ قىلىدۇ ۋە خاتالىشىدۇ. ئەمما مۇھىم بولغىنى ئۆز گۇناھىنى تونۇپ، توغرا يولغا قايتىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «ھەر قانداق ئادەم بالىسى خاتالىشىدۇ، خاتالاشقۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى تەۋبە قىلغۇچىلاردۇر»[73] دەپ كۆرسەتكەن.

### 8. ئىزىلگەنلەرگە رەھىم _ شەپقەت قىلىش

دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئېزىلگەن مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا ھەركىمنىڭ قۇدرىتى يېتىشىچە رەھىم _ شەپقەت قىلىشى پەرزدۇر. ئۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، ھەققانىي دەۋالىرىنى يېرگۈزۈش، پۇل _ مال ياردەم قىلىش، ئۇلارنىڭ ھەق _ ھوقۇقلىرىنى تەلەپ قىلىش، بۇلارنىڭ ھېچبىرىنى قىلالمىغاندا، ئۇلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىش بىلەن بۇ دىنىي قېرىنداشلىق بۇرچىنى ئادا قىلىش مۇمكىن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇئمىنلەر بىر - بىرىنى سۆيۈش، بىر _ بىرىگە رەھىم _ شەپقەت قىلىش ۋە بىر - بىرىگە ھېسداشلىق قىلىشتا، قايسىبىر ئەزاسى ئاغرىسا، پۈتۈن ئەزالار ئىسسىتما ۋە ئۇيقۇسىزلىق بىلەن ئۇنىڭغا ئورتاق بولىدىغان بىر پۈتۈن بەدەنگە ئوخشايدۇ»[74].

### 9. ئۆز _ ئۆزىگە رەھىم _ شەپقەتلىك بولۇش

ئادەم باشقىلارغا رەھىم _ شەپقەتلىك ۋە كۆيۈمچان بولۇپ، ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالسا بولامدۇ؟ ئادەم ئۆزىگە قانداق رەھىم _ شەپقەت قىلىدۇ؟

ئادەم ئۆزىنىڭ تەن ساقلىقىغا زىيانلىق بولغان نەرسىلەرنى تەرك ئېتىش، ھاراق ئىچمەسلىك، تاماكا چەكمەسلىك، زىنا قىلماسلىق بىلەن، ئۆزىنىڭ يۈز _ ئابرۇيىغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدىغان ناشايان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش بىلەن ۋە ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن زىيانلىق بولغان گۇناھ - مەسىيەتلەردىن قول ئۈزۈش بىلەن ئۆزىگە رەھىم _ شەپقەت قىلغان بولىدۇ.

### 10. پۈتۈن ئىنسانىيەتكە رەھىم _ شەپقەتلىك بولۇش

مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن، مەيلى كاپىر بولسۇن، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە رەھىم _ شەپقەتلىك بولۇش ھەرگىز قىيىن ئىش ئەمەس، بەلكى ناھايىتى ئاساندۇر. ئىنسانلار قايسى دىنغا، قايسى ئىرققا، قايسى رەڭگە ۋە قايسى دۆلەتكە تەۋە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلارغا ناھايىتى يۇمشاقلىق بىلەن ئادالەتلىك ھالدا مۇئامىلە قىلىش، ھەركىمگە تەبەسسۇم بىلەن قەلبىنى ئېچىش، پېقىرلارغا ھېسداشلىق قىلىپ، مەيلى ماددىي جەھەتتىن، مەيلى مەنىۋى جەھەتتىن كۈچىنىڭ يەتكىنىچە ياردەم قولىنى سۇنۇش، يېتىملەرنى سۆيۈش ۋە ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلاش، ئۆزىگە يامانلىق قىلغانلارنى كەچۈرۈۋېتىش، تونۇمايدىغان كىشىلەرنىڭمۇ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم قىلىش قاتارلىق گۈزەل ئەخلاقلار بىلەن رەھىم _ شەپقەتنى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە يەتكۈزگىلى بولىدۇ.

---

(73) «سنن الترمذي» 4-توم، 240-بەت، 2499-ھەدىس

(74) «صحيح البخاري» 8-توم، 10-بەت، 6011-ھەدىس.

# ئەپۇچانلىق

ئەپۇچانلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ئۇلگىلىك مۇئمىنلەرنىڭ خىسلىتىدۇر. كىشىلەرنى ئەپۇ قىلىش، ئۇلارنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىش دىنىمىزدىكى گۈزەل ئەخلاقنىڭ بىرىدۇر. ئىنسانلارنىڭ تۈرلۈك قوزغاتقۇچىلارغا تاقابىل تۇرۇش دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلىرى ئاددىي ئىشلار ئۈچۈنمۇ نادانلىق قىلىپ قويىدۇ، بەزىلەر بولسا ئۆزىنىڭ ئىغىر بېسىقلىقى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى بىلىدۇ ۋە تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ.

گەرچە كىشىلەرنىڭ ئىنتىكلىك، ئىغىر– بېسىقلىق، ئالدىراقسانلىق، سەۋرچانلىق، سەزگۈرلۈك، دېۋەڭلىك قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ يۇقىرى تۆۋەن بولۇشى ئۇلارنىڭ ئەسلى خاراكتېرىنىڭ قانداق بولۇشىغا زور دەرىجىدە باغلىق بولسىمۇ، ئادەمنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنىڭ باشقىلارغا مۇلايىم بولۇش ۋە ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىش بىلەن مۇئەييەن مۇناسىۋىتى بار.

ئادەم كامالەتكە يەتكەنسېرى كۆڭلى – كۆكسى كەڭ بولىدۇ. ئەپۇچان بولىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، خاتالىقلىرىنى كەچۈرىدۇ. تەنتەكتىن بىرى ئۇنىڭغا ئازار بەرگىلى تۇرسا ئۇ خۇددى يولدا ئويناۋاتقان سەبىي باللارنىڭ ئۆزىگە تاش ئاتقىنىغا قارىغان پەيلاسوپقا ئوخشاش ئىگىز چوققىدىن پەسكە باقىدۇ.

غەزەپ ئادەم بالىسى قەلبىدە يانغان چوغدۇر. كۆزلىرىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكى، گۆرەن تومۇرلىرىنىڭ كۆپۈشۈپ كەتكەنلىكى غەزەپنىڭ ئەڭ ئۇچىغا چىققان ۋاقتى بولۇپ، ئۇنى يېڭىشنىڭ چارىسى ئورنىدىن قوزغالماسلىق، ئۆرە تۇرغان بولسا ئولتۇرۇۋېلىشتۇر. غەزەپنىڭ كەينىگە كىرگەن ئادەم خۇددى بىلمەي ئىشلارنى ئىسلاھ قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە بۇزۇپ قويىدۇ. بەزى كىشىلەر غەزەپلەنگەندە ئۆزىنى بېسىۋالالمايدۇ، داۋاملىق تېرىكىپ يۈرىدۇ، ئىغىزىدىن كۆپۈك قايناتتىپ تىللايدۇ، قارغايدۇ. مۇنداق قىلىش ئىنسانىي گۈزەل ئەخلاققا زىت كېلىدىغان قىلىقلاردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «مۇئمىن ئادەم كىشىلەرنى تىللىمايدۇ، لەنەت ئوقۇمايدۇ، سەت گەپ قىلمايدۇ ۋە ھاياسىزلىق قىلمايدۇ»[75] دەپ كۆرسەتكەن.

ئىنسان ئۆزىنى قانچە تۇتۇۋالغانسېرى، غەزەپنى قانچە بېسىۋالغانسېرى، ئىغىزىغا قانچە ئىگە بولغانسېرى، كىشىلەرنىڭ سەۋەنلىكىنى قانچە ئەپۇ قىلغانسېرى ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئاشىدۇ.

ئەپۇ قىلىشنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى زۇلۇم قىلغۇچىغا كۈچى يېتىدىغان تۇرۇپ، ئۇنى كەچۈرىۋېتىشتۇر. مانا بۇ، ھەقىقىي ئەپۇ ۋە ھەقىقىي كەچۈرۈم بولۇپ، ئىسلام ئۆلىمالىرى ئۇنى«ئۆچ ئېلىشقا كۈچى يېتىدىغان تۇرۇپ كەچۈرۈۋېتىشتۇر» دەپ تەرىپلىگەن. ئەمما بىراۋ بىرەر زالىمنىڭ زۇلمىغا ئۇچراپ، ئۇنىڭغا كۈچى يەتمىگەنلىك سەۋەبتىن ئۇنىڭدىن ھەققىنى تەلەپ قىلىشتىن ۋاز كەچسە، ئۇنىڭ بۇ قىلغىنى ئەپۇ قىلغانلىق ئەمەس، بەلكى زۇلۇمنى ۋە ناھەقچىلىكنى قوبۇل قىلغانلىق بولىدۇ.

---

(75) «سنن الترمذي» 3-توم، 418-بەت، 1977-ھەدىس.

**بىر مۇئمىن ئادەمدە بولماسلىقىقا تېگىشلىك قىلىقلار**

ھەرقانداق بىر مۇئمىن ئادەمدە قەتئىي بولماسلىقىقا تېگىشلىك قىلىقلارنىڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

— قارا چاپلاش
— يالغان گۇۋاھلىق
— ئالدامچىلىق
— غەيۋەت
— زۇلۇم
— يالغانچىلىق
— ۋەدىسىدە تۇرماسلىق
— كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەش
— كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىش
— سۇخەنچىلىك
— ھەسەتخورلۇق
— گۇمانخورلۇق
— تەكەببۇرلۇق
— ئىسراپخورلۇق
— پارىخورلۇق

### قارا چاپلاش

بىراۋغا تۆھمەت قىلىپ، قىلمىغان ئىشنى قىلدى، دېمىگەن گەپنى دېدى دەپ، ئۇنى قارىلاش ئەڭ چوڭ گۇناھلاردىن سانىلىدۇ. چۈنكى گۇناھسىز كىشىلەرنى قارىلاش ئۇلارنى تىرىك تۇرغۇزۇپ ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاش بولۇپ، بۇ قارىلانغۇچىلارغا ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بولغۇسىز روھىي ئازابنى، چىدىغۇسىز ھەسرەت – نادامەتنى ئېلىپ كېلىدۇ. قارام بىر ساختىپەز ئېيتقان بىر قېتىملىق يالغاندىن كېلىپ چىقىدىغان زىياننىڭ دائىرىسى كېڭەيگەنسېرى ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ ۋە خەلقنىڭ ئالدىدىكى جىنايىتى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. ئەر– ئاياللارغا تۆھمەت چاپلاپ، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنى بۇزغان تۆھمەتچى بۇ قىلمىشلىرى بىلەن ئىنسانىيەتكە قانچىلىك ئېغىر زىيان سالغان بولسا، ئۇنىڭ جازاسىمۇ شۇنچىلىك ئېغىر بولىدۇ.

ھازىرقى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۆزى بىلەن بىر پىكىردە بولمىغانلارغا، ئۆزى بىلەن قارشىلاشقانلارغا «مۇناپىق»، «خىتاينىڭ جاسۇسى» دېگەنگە ئوخشاش تۆھمەتلەرنى چاپلاش، ھەتتا مەلۇم جەھەتتە ئۆزىدىن ئېشىپ كەتكەنلەرگە خالىغانچە قارا چاپلاش، قىلمىغان گۇناھلىرى بىلەن ئەيىبلەش خاھىشى كۆپىيىپ قالدى. بۇنداق بولۇشى قارا چاپلىغۇچىلاردا تەقۋالىق دەرىجىسىنىڭ نۆلگە چۈشۈپ قالغانلىقى ۋە قارا چاپلاشنىڭ گۇناھىنى ئاددىي سانىغانلىقىدىن بولسا كېرەك. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: ﴿**وَالَّذِينَ يُؤْذُونَ الْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ بِغَيْرِ مَا اكْتَسَبُوا فَقَدِ احْتَمَلُوا بُهْتَانًا وَإِثْمًا مُّبِينًا**﴾ يەنى«ئەر– ئايال مۇسۇلمانلارغا قىلمىغان ئىشلارنى (چاپلاپ) ئۇلارنى رەنجىتىدىغانلار (ئۆزلىرى چاپلىغان شۇ) تۆھمەتنى ۋە ئوپئوچۇق گۇناھنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان بولىدۇ»[76].

فېيسبۇك، ۋاتساپ، ئىنستىگرام قاتارلىق ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدە ئادەم تىللاش، كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئېچىش، ئۇلارنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈشكە ئۇرۇنۇش قاتارلىق قىلمىشلار قارا چاپلاش، غەيۋەت ۋە سۇخەنچىلىك تۈسىنى ئالغان چوڭ گۇناھلار بولۇپ، بۇ ئۆزى مەنسۇپ بولغان دىنىنىڭ ئەمر- پەرمانلىرىدىن ۋە ئەخلاق پىرىنسىپىدىن پەرۋاسىز ياشاۋاتقان ئىنسانلاردىن سادىر بولماقتا.

### يالغان گۇۋاھلىق

يالغان گۇۋاھلىق بېرىش ياكى يالغان گۇۋاھچىلارنى كەلتۈرۈپ ھەقىقەتنى يوشۇرۇش بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ قېنىنى ئاققۇزۇشقا، ھەق– ھوقۇقلارنىڭ زايە بولۇپ كېتىشىگە، پاك كىشىلەرنىڭ قارىلىنىشىغا، گۇناھكارلارنىڭ جازاسىز قېلىشىغا سەۋەب بولىدىغان، ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يامان كۆرۈلىدىغان تولىمۇ قەبىھ جىنايەتتۇر. ئاللاھ تالا مۇئمىنلەرگە مۇنداق دەپ بۇيرۇغان: ﴿**فَاجْتَنِبُوا الرِّجْسَ مِنَ الْأَوْثَانِ وَاجْتَنِبُوا قَوْلَ الزُّورِ**﴾ يەنى﴿ سىلەر بۇتلاردىن ئىبارەت نىجىستىن قېچىڭلار، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن قېچىڭلار﴾[77]

ئاللاھ ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشىدىغان مۇئمىنلەرنىڭ سۈپىتىنى بايان قىلىپ: ﴿**وَالَّذِينَ لَا يَشْهَدُونَ الزُّورَ**﴾ يەنى «ئۇلار يالغان گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ»[78] دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ئەڭ چوڭ گۇناھلارنى بايان قىلىپ بەرمەكچى بولۇپ، ساھابىلەردىن: «سىلەرگە ئەڭ چوڭ گۇناھلارنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟» دەپ سورايدۇ. ساھابىلەر: «ئەلۋەتتە ئېيتىپ بەرسىلە، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى» دەيدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «بىلىڭلاركى، ئەڭ چوڭ گۇناھلار: مەخلۇقاتنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋېلىش، ئاتا – ئانىنى قاقشىتىش» دەۋېتىپ، يۆلىنىپ ئولتۇرغان يېرىدىن تۈزلىنىپ ئولتۇرۇپ جىددىيلىك بىلەن: «دىققەت قىلىڭلار، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش ئەڭ چوڭ گۇناھتۇر»[79] دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلايدۇ.

### ئالدامچىلىق

ئالدامچىلىق ___ ھىيلە– مىكىرلەر بىلەن كىشىلەرنى ئالداش، قايىل قىلىش، ئىشەندۈرۈش دېگەنلىكتۇر. پەيغەمبەر

---

(76) ئەھزاب سۈرىسى: 58 – ئايەت

(77) ھەج سۈرىسى:30 – ئايەت

(78) فۇرقان سۈرىسى:72-ئايەت

(79) «صحيح البخاري» 3-توم، 172-بەت، 2654-ھەدىس.

ئەلەيھسسالام ئالدامچىلىقتىن ئاگاھلاندۇرۇپ: «كىمكى بىزنى ئالدايدىكەن، ئۇ بىزدىن ئەمەس»[80] دېگەن. ئالدامچىلىقنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، ساتماقچى بولغان مالنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇپ سېتىش، ساتماقچى بولغان ماللىرىغا باشقىلارنىڭ ماركىلىرىنى ئوغرىلىقچە چاپلىۋېلىش، تارازىدا ياكى ئۆلچەمدە كەم بېرىش، چارۋا ماللارنى ئوكۇل بىلەن يالغاندىن سەمرىتىپ، خېرىدارلارنىڭ كۆزىنى بوياش، ئۆيلەنمەكچى بولغان قىز – يىگىتلەرنىڭ ئۆزىدە بولمىغان ئارتۇقچىلىقلار بىلەن، ياكى كەمچىلىكلىرىنى يوشۇرۇش بىلەن بىر-بىرىنى ئالدىشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھاندا كۆچۈرۈشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئالدامچىلىقتۇر. ھەتتا يېقىن كىشىلەرنىڭ بىر- بىرىدە كۆرۈلگەن خاتالىقنى ياكى ئەيىب، نۇقسانىنى كۆرسىتىپ قويۇشنىڭ ئورنىغا ئۇنى يوشۇرۇشى ياكى كۆرمەسكە سېلىشىمۇ ئالدامچىلىققا كىرىدۇ.

**غەيۋەت**

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىر كۈنى ساھابىلەردىن: «غەيۋەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورايدۇ. ساھابىلەر: «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ياخشىراق بىلىدۇ» دېيىشىدۇ. شۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇلارغا: «غەيۋەت دېگەن بىراۋ ھەققىدە يامان كۆرىدىغان سۆزلەرنى قىلىشتۇر» دەيدۇ. ساھابىلەردىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ، «بىراۋ ھەققىدە ئېيتقانلىرىم راست بولسىچۇ؟» دەپ سورايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «ئۇنىڭ ھەققىدە ئېيتقانلىرىڭ راست بولسا، ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلغان بولىسەن، ناۋادا ئۇنىڭ ھەققىدە ئېيتقانلىرىڭ يالغان بولسا، ئۇنىڭغا قارا چاپلىغان بولىسەن»[81] دەيدۇ.

بىراۋنىڭ چىراي – شەكلى، قىياپىتى، نەسەبى، مىللىتى، ئەخلاقى، يۈرۈش – تۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەر قانداق نەرسە ھەققىدە ئېيتىلغان يامان سۆزلەر غەيۋەت قاتارىغا كىرىدۇ.

سۆز ئېغىزدىن چىقماستا ئادەم ئۇنى باشقۇرغان بىلەن، ئېغىزدىن چىقىپ كەتكەن سۆز ئادەمنى باشقۇرىدۇ. جۈملىدىن غەيۋەت، شىكايەتمۇ ئېغىز ياكى يېزىق ئارقىلىق تارايدىغان بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى سۆز – چۆچەك، ئىغۋا، پىتنە – پاسات بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەت دۇنياسىنى بۇلغاپ، مەنىۋىيەتنى زەھەرلەيدىغان ئالۋاستى ماھىيەتلىك كېسەل ___ مەنىۋى راكتۇر.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿**وَلَا يَغْتَبْ بَّعْضُكُمْ بَعْضًا أَيُحِبُّ أَحَدُكُمْ أَنْ يَأْكُلَ لَحْمَ أَخِيْهِ مَيْتًا فَكَرِهْتُمُوْهُ وَاتَّقُوْا اللَّهَ**﴾ يەنى ﴿بىر – بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامدۇ؟ ئۇنى ئەلۋەتتە يامان كۆرىسىلەر. ئۇنداقتا ئاللاھتىن قورقۇڭلار﴾[82] دەپ تەۋسىيە قىلغان.

**زۇلۇم**

زۇلۇم ___ لۇغەتتە ناھەق ئىش قىلىش، ئۇۋال قىلىش ۋە ھەددىدىن ئېشىش دېگەنلىك بولۇپ، ئادالەتنىڭ زىتتىدۇر. ئىسلام ئاتالغۇسىدا بىراۋنىڭ ھەققىنى دەپسەندە قىلىش، ئۇنى بوزەك قىلىش، زىيانغا ئۇچرىتىش، ھەققىنى يەۋېلىش ئۇنىڭغا يامانلىق قىلىش ۋە بۇنىڭغا ئالاقىدار نۇرغۇنلىغان قىلمىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قىسقىسى، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى جايىدا قىلماسلىق ۋە ئۇنى باشقىچە قىلىش زۇلۇمدۇر. ئەمما «زۇلۇم» سۆزىنى بەزى مەسئۇللارنىڭ قول ئاستىدىكىلىرىگە ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ خەلققە زۇلۇم قىلىشى دېگەن مەنىدىلا چۈشىنىۋېلىش چوڭ خاتالىقتۇر. چۈنكى زۇلۇمنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ھاياتلىقنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە ۋە ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىسىدە دېگۈدەك كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ.

**زۇلۇمنىڭ تۈرلىرى**

زۇلۇمنىڭ ئەڭ چوڭى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشتۇر. چۈنكى مەخلۇقاتنى ئاللاھ تائالاغا تەڭ قىلىۋېلىش ئەڭ چوڭ ناھەقچىلىك ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە قىلىنغان قەبىھ قىلمىشتۇر. شۇڭا، قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش زۇلۇم دەپ تەبىرلەنگەن. [**وَإِذْ قَالَ لُقْمَانُ لِابْنِهِ وَهُوَ يَعِظُهُ يَا بُنَيَّ لَا تُشْرِكْ بِاللَّهِ إِنَّ الشِّرْكَ لَظُلْمٌ عَظِيمٌ** ) يەنى «ئۆز ۋاقتىدا لوقمان ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ: ‹ئى ئوغلۇم! ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگىن. چۈنكى شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن چوڭ زۇلۇم (يەنى ئېغىر گۇناھ) دۇر› دېگەن ئىدى»[83].

---

(80) «صحيح مسلم» 1-توم، 99-بەت، 101-ھەدىس.

(81) «صحيح مسلم» 4-توم، 2001-بەت، 2589-ھەدىس.

(82) ھۇجۇرات سۈرىسى:12- ئايەت.

83 لۇقمان سۈرىسى: 13-ئايەت.

بۇنىڭدىن باشقا، ئىنساننىڭ زىيانلىق ئىشلارنى قىلىپ ئۆزىگە ئۆزى ئۇۋال قىلىشى، ئاتا _ ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى تەربىيەلەش ئىشلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلماسلىقى، بالىلارنىڭ ئاتا _ ئانىسىنى قاقشىتىشى، قوشنىلارغا ئازار بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلماسلىق، كىشىلەرنىڭ بىر- بىرىگە يولسىزلىق قىلىشى، تۇغقاندارلىقنى داۋاملاشتۇرماسلىق، ياردەم موھتاج تۇغقانلارنى تاشلىۋېتىش، مۇئەللىملەرنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى ياخشى ئوقۇتماي، ئۇلارنىڭ ئۆمرىنى زايە قىلىۋېتىشى ياكى ئۇلارنىڭ ئىمتىھاندا كۆچۈرۈپ تاپشۇرۇشىغا كۆز يۇمۇشى ياكى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئادالەتلىك ئىش كۆرمەسلىكى، بەزى كىشىلەرنىڭ ھايۋانلارغا كۆتۈرەلمەيدىغان ئېغىر يۈكلەرنى ئارتىشى، ئۇلارنى ياخشى باقماي ئاچ ياكى سۇسىز قويۇشى، ئۇرۇپ قىينىشى، بەزى كىشىلەرنىڭ تارازىدا كەم تارتىپ بېرىشى قاتارلىق قىلمىشلارنىڭ ھەممىسى زۇلۇم قىلغانلىقتۇر.

زۇلۇم قىلىش قەتئىي ھارامدۇر. ئاللاھ تائالا زۇلۇمنىڭ ھەممە تۈرىنى چەكلىگەن بولۇپ، زۇلۇم قىلغۇچىلار چوقۇم جازاسىنى تارتىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قارىتىپ: [ **وَمَنْ يَظْلِمْ مِنْكُمْ نُذِقْهُ عَذَابًا كَبِيرًا**) يەنى «سىلەردىن كىمكى زۇلۇم قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا بىز چوڭ ئازابىمىزنى تېتىتىمىز][84] دېگەن. يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ: (**وَلَا تَحْسَبَنَّ اللَّهَ غَافِلًا عَمَّا يَعْمَلُ الظَّالِمُونَ إِنَّمَا يُؤَخِّرُهُمْ لِيَوْمٍ تَشْخَصُ فِيهِ الْأَبْصَارُ**) يەنى « زالىملارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئاللاھنى بىخەۋەر دەپ ئويلىمىغىن! ئاللاھ ئۇلارنىڭ جازاسىنى (قورقۇنچتىن) كۆزلەر چەكچىيىپ قالىدىغان (قىيامەت) كۈنىگىچە كېچىكتۈرىدۇ»[85] دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «زۇلۇم قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى زۇلۇم قىيامەت كۈنىدە زۇلمەتلەرگە ئايلىنىدۇ»[86] دېگەن. ئۆلىمالار بۇ يەردىكى «زۇلمەتلەر» دېگەن سۆزنى زۇلۇم قىلغۇچىنىڭ يولىنى توسىدىغان قاراڭغۇلۇقلار ياكى ئۇنىڭ بېشىغا كېلىدىغان زور قىيىنچىلىقلار، دەپ شەرھلىگەن[87].

## يالغانچىلىق

يالغان سۆزلەش ئەڭ يامان قىلىق، ناچار ئەخلاق ۋە ئىمانغا زىت كېلىدىغان چوڭ گۇناھتۇر. ساختىپەزلىك، ئالدامچىلىق، سۆزىدە تۇرماسلىق، ئامانەتكە خىيانەت قىلىش، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش، يالغان قەسەم قىلىش، گۇناھسىز كىشىلەرگە قارا چاپلاش، چېقىمچىلىق، ساتقۇنلۇق، گۇمانخورلۇق، تارازا – ئۆلچەمدە كەم بېرىش قاتارلىق پۈتۈن يامانلىقلارنىڭ ۋە گۇناھلارنىڭ باش رولچىسى يالغانچىلىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەمىشە راستچىل بولۇڭلار! چۈنكى راستچىللىق ياخشىلىققا باشلايدۇ، ياخشىلىق جەننەتكە باشلايدۇ. كىمكى ھەمىشە راست گەپ قىلسا، راستچىللاردىن بولۇشنى مەقسەت قىلىۋەرسە، ئاخىرى ئۇ كىشى ئاللاھنىڭ ئالدىدا راستچىل بەندە بولۇپ يېزىلىدۇ؛ سىلەر ھەرقانداق بىر يالغانچىلىقتىن ساقلىنىڭلار! چۈنكى يالغانچىلىق كىشىنى ئاسىيلىققا ئېلىپ بارىدۇ، ئاسىيلىق دوزاخقا ئېلىپ بارىدۇ. كىمكى ھەمىشە يالغانچىلىق قىلسا ۋە يالغانچىلىقنى مەقسەت قىلىۋەرسە، ئاخىرى ئۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا يالغانچى بولۇپ يېزىلىدۇ»[88].

يالغانچىلىق پۈتۈن رەزىللىكلەرنىڭ مەنبەسىدۇر. يالغانچىلىق تۈپەيلىدىن ئىتتىپاقلىق بۇزۇلۇپ، جەمئىيەت تەرتىپى قالايمىقانلىشىپ، ئىنسانلار ئارىسىدا ھەل قىلىش قىيىن بولغان زىددىيەتلەر، ھادىسىلەر، زىيانلار، ئاداۋەتلەر ۋە دەپ تۈگەتكۈسىز كۆڭۈلسىزلىكلەر كېلىپ چىقىدۇ. يالغانچى ئادەم خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشىدۇ. ئۇنىڭ سۆزىگە ھېچكىم ئىشەنمەس بولىدۇ. يالغانچىلىق سەۋەبىدىن ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ. شۇڭا «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿**إِنَّ اللَّهَ لَا يَهْدِي مَنْ هُوَ مُسْرِفٌ كَذَّابٌ**﴾ يەنى «ئاللاھ ھەددىدىن ئاشقان يالغانچىنى ھىدايەت قىلمايدۇ»[89] دەپ كۆرسىتىلگەن. ئاللاھ تىلنى سۆز قىلىشقا ياراتقان، بىراق تىلنىڭ ئۇستىخىنى يوق. نېمە دېسە سۆزلەۋېرىدۇ. ئىنسان تىلىنى كونترول قىلمىغاندا ئۆزىگە زىيانلىق ئىشلارغا سەۋەب بولىدۇ.

**مۇسۇلمان يالغان سۆزلىمەيدۇ**

---

84 فۇرقان سۈرىسى: 19- ئايەت.

85 ئىبراھىم سۈرىسى: 42-ئايەت.

86 ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

87 «اسلام ويب» 118174- نومۇرلۇق پەتىۋادىن.

(88) «صحيح مسلم» 4-توم، 2013-بەت، 2607-ھەدىس.

(89) غافىر سۈرىسى:28- ئايەت

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:«مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئوغرىلىق قىلىشى مۇمكىنمۇ؟» دەپ سورالغىنىدا، «ھەئە، مۇمكىن» دەپ جاۋاب بەرگەن. «مۇسۇلمان ئادەمنىڭ زىنا قىلىشى مۇمكىنمۇ؟» دەپ سورالغىنىدا، «ھەئە، مۇمكىن» دەپ جاۋاب بەرگەن. يەنە «مۇسۇلمان ئادەمنىڭ يالغان ئېيتىشى مۇمكىنمۇ؟» دەپ سورالغىنىدا، «ياق، مۇمكىن ئەمەس»[90] دەپ جاۋاب بەرگەن.

### ۋەدىسىدە تۇرماسلىق

سۆزىدە تۇرماسلىق، ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىش دۇنيادا ھەممە ئادەم ئۆچ كۆرىدىغان يالغانچىلىق بولۇپ، بۇ ئىللەت كىمدە بولسا شۇ ئادەم ياخشىلىق كۈتۈشكە يارىمايدىغان، ئىشەنگىلى بولمايدىغان، يارامسىز ئادەم ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئادەم ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا نۇرغۇن زىيانلارنى كەلتۈرىدۇ. ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىق، لەۋزى قىلغان ئىشقا ئىگە بولماسلىق ئىماننىڭ ئاجىزلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان مۇناپىقلىق خاراكتېرىگە ئىگە يالغانچىلىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇناپىقلىقنىڭ ئالامەتلىرىنى بايان قىلىپ: «مۇناپىقلىقنىڭ بەلگىسى ئۈچ بولۇپ، ئۇلار: يالغان سۆزلەش، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش، ئامانەتكە خىيانەت قىلىش»[91] دەپ كۆرسەتكەن. مانا بۇ ئۈچ ئىش ئىشەنچنى يوقىتىشنىڭ ئامىلىدۇر.

ئىنسان كېلىشىم تۈزسە كېلىشىمگە رىئايە قىلىشى، بىرەر ئىشقا ۋەدە قىلغان بولسا ئۇنىڭغا ۋاپا قىلىشى لازىم. ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ئىنسانىي گۈزەل ئەخلاق بولسا، ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىش بەكمۇ قاتتىق رەزىللىكتۇر. شۇڭا ئۇنىڭ ئۇچۇن «قۇرئان كەرىم»دە ساختىلىقتىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ۋاپادارلىقلا ئۇندەيدىغان ئايەتلەرنىڭ كۆپ بولغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىسرا سۈرىسىدە: ﴿**وَأَوْفُواْ بِالْعَهْدِ إِنَّ الْعَهْدَ كَانَ مَسْؤُولاً**﴾ يەنى«ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار. چۈنكى ئەھدە ئۈستىدە چوقۇم سوئال – سوراق قىلىنىسىلەر»[92] دەپ كەلگەن.

### كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەش

كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەش، مەقسەتلىك ھالدا ئۇلارغا ئەيىب قويۇش شۇ ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىكى رەزىللىك ۋە پەسلىكنىڭ ئالامىتىدۇر. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: ﴿**وَلَا تَجَسَّسُوْا**﴾ يەنى «بىر–بىرىڭلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەپ يۈرمەڭلار»[93].

ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ مەخپىيەتلىكنى قوغداشقا ناھايىتى زور ئەھمىيەت بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىراۋنىڭ ئۆيىنىڭ ئىچىگە رۇخسەتسىز قارىسا، ئۆي ئىگىسى ئۇنىڭ كۆزىنى قويۇۋەتسىمۇ بولىدۇ»[94].

ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ خۇسۇسىي ھاياتىدىكى مەخپىيەتلىكنى قوغداشنى مۇقەددەس بىلىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇن تەكشۈرۈپ يۈرۈشتىن توسۇپ مۇنداق دېگەن: «باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇن تەكشۈرۈپ يۈرمەڭلار، كىمكى بىرەر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ئاچىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ ئەيىبىنى ئاچىدۇ. ئاللاھ بىرىنىڭ ئەيىبىنى ئاچسا، ئۇنى ئۆز ئۆيىدىلا رەسۋا قىلىدۇ»[95].

كىشىلەرنىڭ كەمچىلىكلىرىنى ۋە ئەيىبلىرىنى يېپىش گۈزەل ئەخلاقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى بىراۋنىڭ ئەيىبىنى بىلىپ تۇرۇپ ياپسا، قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ»[96]دەپ كۆرسەتكەن.

### كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىش

مەسخىرە ــ كىشىلەرنى زاڭلىق قىلىش، ئۇلارنى كۆڭۈل ئېچىش ۋە كۈلكە پەيدا قىلىش تېمىسىغا ئايلاندۇرۇۋېلىش دېگەنلىك بولۇپ، ئاللاھنىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە ئەڭ قەبىھ ئەدەپسىزلىكتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِيْنَ آمَنُوْا لَا يَسْخَرْ قَوْمٌ مِّنْ قَوْمٍ عَسَى أَنْ يَكُوْنُوْا خَيْرًا مِّنْهُمْ وَلَا نِسَاءٌ مِّن نِّسَاءٍ عَسَى أَنْ يَكُنَّ خَيْرًا مِّنْهُنَّ**﴾ يەنى «ئى ئىمان ئېيتقانلار! بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى مەسخىرە قىلمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغان قەۋم مەسخىرە قىلغۇچى قەۋمدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئاياللارمۇ ئۆزئارا مەسخىرە قىلىشمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار

---

(90) «مساوئ الأخلاق ومذمومها للخرائطي» 1-توم، 69-بەت، 127-ھەدىس.

(91) «صحيح البخاري» 1-توم، 16-بەت، 33-ھەدىس.

(92) ئىسرا سۈرىسى:34- ئايەت

(93) ھۇجۇرات سۈرىسى:12- ئايەت

(94) «صحيح مسلم» 33-توم، 16-بەت،99-ھەدىس.

(95) «مسند الإمام أحمد» 3-توم، 20-بەت،19776-ھەدىس.

(96) «صحيح البخاري» 9-توم، 42-بەت، 7042-ھەدىس.

مەسخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن»[97].

كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىش كاپىرلارنىڭ قىلىقى بولۇپ، ئاللاھ تائالا كاپىرلارنى سۆكۈپ مۇنداق دېگەن: (**إِنَّ الَّذِيْنَ أَجْرَمُوْا كَانُواْ مِنَ الَّذِيْنَ آمَنُوْا يَضْحَكُوْنَ. وَإِذَا مَرُّواْ بِهِمْ يَتَغَامَزُوْنَ**) يەنى «كاپىرلار ھەقىقەتەن مۇئمىنلەرنى مەسخىرە قىلىپ كۈلەتتى، مۇئمىنلەر ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئۇلار ئۆزئارا كۆز قىسىشاتتى»[98].

## سۇخەنچىلىك

سۇخەنچىلىك — بىراۋنىڭ باشقا بىرى توغرۇلۇق ئېيتقان يامان سۆزلىرىنى قارشى تەرەپكە يەتكۈزۈپ ئىككىسىنى زىددىيەتكە سېلىش دېگەنلىكتۇر.

سۇخەنچىلىكتىن ئىبارەت بۇ رەزىل قىلمىش سەۋەبىدىن دوستلار بىر– بىرىگە دۈشمەنلىشىدۇ، بىرلىك بۇزۇلىدۇ، ئىناق ئائىلىلەر پارچىلىنىدۇ، تۇغقانلار بىر– بىرىدىن يىراقلىشىدۇ. ھەتتا كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا بىھۇدە قان تۆكۈلۈش ئەھۋاللىرىمۇ يۈز بېرىدۇ. شۇڭا دىنىمىزدا، سۇخەنچىلەر، پىتنە-ئىغۋا تارقاتقۇچىلار قاتتىق سۆكۈلگەن ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن مەھرۇم قالىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ يامان ئادەملەر سۇخەنچىلەر، دوست- بۇرادەرلەرنى بىر-بىرىدىن ئايرىغۇچىلار ۋە گۇناھسىز ئادەملەرنى ئەيىبلىگۈچىلەردۇر»[99]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «سۇخەنچى جەننەتكە كىرمەيدۇ»[100] دېگەن.

گەپ توشۇپ كەلگەن كىشىنىڭ سۆزىنى ئېنىقلىماستىن ئىشەنمەسلىك لازىم. ئاللاھ تائالا بىزگە مۇنداق تەلىم بەرگەن: ﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِيْنَ آمَنُوْا إِنْ جَاءَكُمْ فَاسِقٌ بِنَبَأٍ فَتَبَيَّنُوْا أَنْ تُصِيْبُوْا قَوْمًا بِجَهَالَةٍ فَتُصْبِحُوْا عَلَى مَا فَعَلْتُمْ نَادِمِيْنَ**﴾ يەنى «**ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، (ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى) بىلمەستىن بىرەر قەۋمنى رەنجىتىپ قويۇپ، قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، (ئۇ خەۋەرنى) ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار**»[101].

## ھەسەتخورلۇق

ھەسەتخورلۇق ئۆچ-ئاداۋەتنىمۇ يامان روھىي ھالەت بولۇپ، قەلبنىڭ زەئىپلەشكەنلىكىنىڭ ۋە ئېتىقادسىزلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. ھەسەتخورلۇق ئۆزى ئېرىشىش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ مال– مۈلۈك، ھوقۇق – مەنسەپ، ئىلىم – ھېكمەت قاتارلىق دىن ۋە دۇنيالىق نېمەتلىرىنىڭ يوقۇلىشىنى تىلەپ قىزىلكۆزلۈك قىلىشتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۆزئارا دۈشمەنلەشمەڭلار! بىر – بىرىڭلارغا ھەسەت قىلىشماڭلار! يۈز ئۆرۈشمەڭلار، سىلەر – رەھىم قىلىششنى تەرك ئەتمەڭلار، بەلكى ئۆزئارا قېرىنداشلاردىن بولغان ھالدا ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىلىرىدىن بولۇڭلار»[102] دەپ كۆرسەتكەن.

## گۇمانخورلۇق

گۇمانخورلۇق __ كىشىلەردىن شەكلىنىش، ئۇلار ھەققىدە يامان خىياللارنى ئويلاش دېگەنلىك بولۇپ، باشقىلاردىن سەۋەبسىز ئاغرىنىپ، كېيىن بولىدىغان ئىشلار ھەققىدە «مۇنداق بولارمىكىن، ئۇنداق قىلارمىكىن، ئېيتەرمىكىن» دېگەندەك قوشۇمچىلار بىلەن گەپ قىلىشمۇ گۇمانخورلۇقتۇر. بۇ سۆزنى ئىككىنچى بىر كىشى راست قىلىپ سۆزلەش ئارقىلىق پەيدا بولىدىغان يالغانچىلىقمۇ گۇمانخورلۇقنىڭ نەتىجىسىدۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر گۇمانخورلۇقتىن ساقلىنىڭلار. چۈنكى گۇمان بىلەن قىلىنغان سۆز سۆزنىڭ ئەڭ يالغىنىدۇر»[103] دەپ كۆرسەتكەن.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِيْنَ آمَنُوْا اجْتَنِبُوْا كَثِيْرًا مِّنَ الظَّنِّ إِنَّ بَعْضَ الظَّنِّ إِثْمٌ**﴾ يەنى «ئى ئىمان

---

(97) ھۇجۇرات سۈرىسى:11- ئايەت

(98) مۇتەففىفىين سۈرىسى:29 - 30- ئايەتلەر

(99) «مسند الإمام أحمد» 5-توم، 279-بەت،17998-ھەدىس.

(100) «صحيح مسلم»1-توم، 101-بەت،105-ھەدىس.

(101) ھۇجۇرات سۈرىسى:6- ئايەت

(102) «صحيح مسلم»4-توم، 1983-بەت،2558-ھەدىس.

(103) «صحيح البخاري»7-توم، 19-بەت،5143-ھەدىس.

ئىپتىقانلار! كۆپ گۇمان قىلىشتىن ساقلىنىڭلار. چۈنكى بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر»[104].

**تەكەببۇرلۇق**

تەكەببۇرلۇق ـــ ئۆزىنى ئالاھىدە چاغلىغانلىقتىن، ئۆزىدە ئاز- تولا بار بولغان ئارتۇقچىلىقلارنى تولىمۇ يۇقىرى مۆلچەرلەپ، ئۆزىنى قالتىس چاغلاپ، باشقىلارنى تۆۋەن كۆرۈش ۋە غادىيىش دېگەنلىكتۇر. ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى ئاللاھ تائالا ياقتۇرمايدۇ. چوڭلۇق ئاللاھقىلا خاس بىر سۈپەت. ئىنسانلار ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلاردىن نەپرەتلىنىدۇ.

ئاتاقلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيوف مۇنداقلارغا ئۆز باھاسىنى بەرگەن:

ئېگىلىدىكەن ئالما شاخلىرى،

مېۋىسى قانچە ئوخشىغانسېرى.

كەمتەرلىك بىلەن ئادەم چىرايلىق،

سەئلىشىدىكەن غادايغانسېرى.

ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش روھىي ھالىتىگە ئىگە كىشىلەر بولسا ساغلام، نورمال روھىي ھالەتتىن تولىمۇ چەتنەپ كەتكەن كىشىلەر بولۇپ، بىر خىل روھىي كېسەللىككە، پسىخىكا ئاجىزلىقىغا گىرىپتار بولغان كىشىلەردۇر. بۇ خىل روھىي ھالەت ھامان ئۇلارنىڭ جىسمانىي ساغلاملىقىغا، شۇنداقلا روھىي پسىخىكا ساغلاملىقىغا زور دەرىجىدە سەلبىي تەسىر كۆرسەتكەنلىكتىن، ئۇلاردا جەمئىيەتكە ماسلىشالماسلىق ياكى باشقىلارنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچراش، كۆپلىگەن كىشىلەر ئېرىشكەن خۇشاللىق، روھىي ئازادىلىككە ئېرىشەلمەسلىك، سىقىلىش ئىچىدە ياشاش، جىسمانىي جەھەتتىن بالدۇر زەئىپلىشىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ.

بىراۋدا ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش روھىي ھالىتىنىڭ بولغانلىقى ئۇنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىنمۇ ساغلام ئەمەسلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاللاھ تائالا بىزنى بۇ خىل ناچار ئىللەتتىن مەنئى قىلىپ، لوقمان ھەكىمنىڭ ئوغلىغا قىلغان مۇنۇ ۋەسىيىتىنى بايان قىلغان: ﴿**وَلَا تُصَعِّرْ خَدَّكَ لِلنَّاسِ وَلَا تَمْشِ فِي الْأَرْضِ مَرَحًا إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ كُلَّ مُخْتَالٍ فَخُورٍ**﴾ يەنى «كىشىلەرنى كۆزگە ئىلمىغانلىقتىن ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈمىگىن، يەر يۈزىدە غادىيىپ يۈرمىگىن. چۈنكى ئاللاھ ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ، ماختىنىپ يۈرىدىغانلارنى ئەسلا ياقتۇرمايدۇ»[105].

ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشتىن ئىبارەت بۇ ئىپلاس روھىي ھالەت ئىنسانىيەتكە روھىي _ پسىخىكا، ئەخلاقىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن كۆپ تەرەپلىمىلىك زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدۇ.

**ئىسراپخورلۇق**

ئىسراپ ـــ بىر نەرسىنى ھەددىدىن ئارتۇق بۇزۇپ –چېچىش دېگەنلىك بولۇپ، ئىسراپچىلىقنى ۋە ئىسراپخورلارنى دۇنيادا ھېچقانداق دىن ياكى قانۇن قوللىمايدۇ. چۈنكى ئىسراپ قىلىپ بۇزۇپ – چاچقان نەرسىلەردىن ھېچكىم پايدىلىنالمايدۇ.

ھەر قانداق بىر نەرسىنى ئىسراپ قىلىش ھارامدۇر. ئەكسىچە، ھەر نەرسىنى نورمال ھالدا قائىدە – يوسۇن بويىچە ئىشلىتىش پۈتۈن ئىنسانلار تەرىپىدىن قارشى ئېلىنىدىغان، ئاللاھ تائالانى مەمنۇن قىلىدىغان ياخشى ئۇسۇلدۇر. «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿**كُلُواْ وَاشْرَبُواْ وَلاَ تُسْرِفُواْ إِنَّهُ لاَ يُحِبُّ الْمُسْرِفِينَ**﴾ يەنى «يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەرگىز ياقتۇرمايدۇ»[106] دەپ كۆرسىتىلگەن. ئاللاھ مۇشۇ ئايەت ئارقىلىق بىزگە رىزىق قىلىپ بېرىلگەن نازۇ نېمەتلەرنى كەڭتاشا يېيىشكە، ئىچىشكە تەرغىب قىلىدۇ، لېكىن ئىسراپخورلۇق قىلىشىمىزنى قاتتىق چەكلەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئىسراپ قىلغۇچىلارنى سۆكۈپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَلاَ تُبَذِّرْ تَبْذِيْرًا . إِنَّ الْمُبَذِّرِيْنَ كَانُواْ إِخْوَانَ الشَّيَاطِيْنِ**﴾ يەنى«بۇزۇپ چاچمىغىن، بۇزۇپ چاچقۇچىلار ھەقىقەتەن شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر»[107].

**پارىخورلۇق**

---

(104) ھۇجۇراتسۈرىسى:12- ئايەت

(105) لۇقمان سۈرىسى:18- ئايەت

(106) ئەئرافسۈرىسى:31- ئايەت.

(107) ئىسراسۈرىسى:26- 27- ئايەتلەر.

پارىخورلۇق__ بىراۋنىڭ ھەققىنى يەۋېلىش، ياكى ئۇنىڭ خىزمەت ئورنىنى تارتىۋېلىش، ياكى ئۇنىڭغا كەلگەن ئامەتنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىش، ياكى گۇناھسىز بىرىنى قارىلاش، ياكى بىرەر جىنايەتكارنى ئاقلاش، ياكى ئۇنىڭ جىنايىتىنى يېپىكلىتىش، ياكى قانداقلا بىر داۋا ئىشىدا قارشى تەرەپنىڭ ھەققىنى ئۆزىگە قارىتىشتىن ئىبارەت رەزىل مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىش ئۈستىدىكىلەرگە مەلۇم مىقداردا پۇل، ياكى پۇلغا توختايدىغان بىر نەرسە بېرىش دېگەنلىك بولۇپ، پارىنى بەرگەن ۋە ئالغان ھەر ئىككىسى ئاللاھنىڭ ئالدىدا قاتتىق گۇناھكار، ئىنسانىيەت ئالدىدا ئەيىبكار بولىدۇ.

**مۇئمىن ئادەمنىڭ داۋاملىق قىلىدىغان ئىشلىرى**

ھەرقانداق بىر مۇئمىن ئادەمنىڭ داۋاملىق قىلىدىغان ئاساسلىق ئىشلىرى تۆۋەندىكىچە:

— ئوقۇش، ئۆگىنىشتىن توختاپ قالماسلىق
— پەرزلەرنى مۇكەممەل ئورۇنداش، نەپلى ئەمەللەر بىلەن ئاللاھقا يېقىنلىق ئىزدەش
— ھاياتنىڭ ھەربىر دەقىقىسىنى ئىبادەتكە ئايلاندۇرۇش
— دىيانەتلىك، ياخشى كىشىلەرگە ئارىلىشىش
— تەۋبە-ئىستىغفار ئېيتىشنى ئادەت قىلىش
— قەلبىنىڭ ساغلاملىقىنى ساقلاش
— ئاللاھ تائالانى كۆپ ياد ئېتىش
— ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئوقۇلىدىغان زىكىر ۋە دۇئالارنى داۋاملاشتۇرۇش

# ئوقۇش ۋە ئۆگىنىشتىن توختاپ قالماسلىق

ئوقۇش، ئۆگىنىش ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى چاقىرىقى بولۇپ، قۇرئان كەرىمدىن ئەڭ دەسلەپ نازىل بولغان ئايەت (اقْرَأْ) يەنى «ئوقۇ» دېگەن ئەمرى بىلەن باشلانغان. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «ئوقۇش، ئۆگىنىش ئەر –ئايال ھەر قانداق مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر»[(108)] دەپ كۆرسەتكەن.

ئىسلام دىنى ئوقۇش ۋە ئۆگىنىشكە چاقىرغان ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئۆگىنىش پەرز بولغان ئىلىم ئاۋۋال ئاللاھ تائالانى تونۇش، ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە ياشاشنى ئۆگىنىشتىن باشلاپ، ئىنسانىيەتكە مەنپەئەتلىك بولغان، ئىمان ۋە ئەخلاقتا خىزمەت قىلىدىغان پۈتۈن ئىلىم تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىگە ئىسلامىي ئىلىملەر، ئىجتىمائىي پەن، تەبىئى پەن ئىلىملىرى ۋە ھازىرقى ئەسىردە شاخلىنىپ چىققان پۈتۈن ئىلىم تۈرلىرىمۇ كىرىدۇ.

ئىلىمنىڭ ئاۋۋىلى ئاللاھ تائالانى تونۇش ئىكەنلىكى مۇنازىرە قوبۇل قىلمايدىغان بىردىنبىر ھەقىقەتتۇر. چۈنكى ئىنسانلار ئەڭ ئاۋۋال ئۆزلىرىنىڭ ياراتقۇچىسىنى تونۇماستىن ئۆزلىرىنى تونۇيالمايدۇ، كائىناتنى تېخىمۇ تونۇيالمايدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە (فَاعْلَمْ أَنَّهُ لَا إِلَٰهَ إِلَّا اللَّهُ )يەنى «بىلگىنكى، ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر»[109] دېيىش ئارقىلىق ئىمان بىلەن كۇفرى ئوتتۇرىسىدىكى پاسىل بولغان كەلىمە تەييىبەنى بىلىپ ئېيتىش كېرەكلىكىگە ئىشارەت قىلغان. دېمەك، ئىمان ئىلىمسىز تولۇقلانمايدۇ. ئىماننىڭ كامالىتى ئىلىم بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ( هَلْ يَسْتَوِي الَّذِينَ يَعْلَمُونَ وَالَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ) يەنى «بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار تەڭ بولامدۇ؟»[110] دېيىش ئارقىلىق ئالىمنىڭ قەدرىنى كۆتۈرگەن.

ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ئىلىم تەھسىل قىلىش ئەڭ كاتتا ئىبادەتلەردىن سانىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ئىلىم تەھسىل قىلىش يولىغا كىرگەن ئادەم ئىبادەت ئۈستىدە بولغان بولىدۇ. دىنىمىزدا تېخىمۇ كۆپ بىرىلىشنى تەلەپ قىلىش تەشەببۇس قىلىنغان بىرلا نەرسە ئىلىمدۇر. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا (ئى رەببىم! ئىلىممنى زىيادە قىلغىن[111]) دەپ دۇئا قىلىشقا بۇيرۇغان. ئىلىم تەھسىل قىلىشنىڭ چېكى يوق. قانچىلىك كۆپ ئوقۇسا، قانچىلىك كۆپ ھاسىل قىلىشنى تىلىسە شۇنچە ياخشى ۋە ئەۋزەلدۇر.

دىنىي ئىلىم، پەنني ئىلىم ياكى دۇنيالىق ئىلىم، ئاخىرەتلىك ئىلىم دەپ ئايرىش توغرا بولمىغان بىر ئايرىشتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ، ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ۋە كۆرسەتكەن بويىچە ھايات كەچۈرۈش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا بەندىچىلىك بۇرچىمىزنى ئادا قىلىش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ئىلىملەرنىڭ ھەممىسى دىنىي ئىلىمدۇر، ھەممىسى ئاخىرەتلىك ئىلىمدۇر. ئەكسىچە، گەرچە تەپسىر، ھەدىس ۋە فىقھى ئوقۇسىمۇ، ئۇنى زالىملارغا خىزمەت قىلدۇرۇش ياكى ئابرۇي قازىنىش ۋە ياكى دۇنيالىق ئۈچۈنلا ئوقۇسا، ئۇ دىنىي ئىلىم ھېسابلانمىغاندەك، ماتېماتىكا، فىزىكا ۋە بىئولوگىيەگە ئوخشىغان تەبىئى پەن ئىلىملىرىنى ئۆزىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەنپەئەتىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا خىزمەت قىلدۇرۇش، ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىش ئارقىلىق ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن ئوقۇسا، ئۇ دىنىي ئىلىم ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ئوقۇلغان ئاخىرەتلىك ئىلىم ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، نىيەت ھەممىدىن ئەلا. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «ئەمەللەر نىيەتلەرگە باغلىقتۇر، ھەركىم ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ»[112] دەپ كۆرسەتكەن. دېمەك، مەيلى تەپسىر، ھەدىس ۋە فىقھى قاتارلىق ئىلىملەر بولسۇن ياكى ماتېماتىكا، فىزىكا ۋە بىئولوگىيە قاتارلىق ئىلىملەر بولسۇن، بىز بۇ ئىلىملەردىن قايسىبىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ۋە ئۆزىمىزنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئوقۇساق، بىز دىنىي ئىلىم ئوقۇغان ۋە ئاخىرەتلىك ئىلىم ئوقۇغان بولىمىز. بۇنىڭدىن ياخشى ئىش بارمۇ دۇنيادا؟!

ھەممىلا ئوقۇغۇچىنىڭ تەپسىر، ھەدىس، فىقھى، تارىخ قاتارلىق ساھەلەردە ئالىم بولۇشى شەرت ئەمەس، مۇھىم بولغىنى دىنىمىزغا، مۇسۇلمان خەلقىمىزگە خىزمەت قىلىدىغان ئىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇشىمىز لازىم. ئۇيغۇرلار تۇرۇۋاتقان دۆلەتلەردە ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن چىققان دىنىي ئالىملار، زىيالىيلار، ئادۋوكاتلار، ساقچىلار، دوختۇرلار، مۇئەللىملەر ۋە ھەرقايسى ساھەلەردە مۇتەخەسسىسلەر بولۇشى زۆرۈردۇر. شۇنداق قىلغاندىلا بىز ئۇيغۇرلار ھۆكۈمەتلەرگە ۋە يەرلىك خەلققە تەسىرىمىزنى كۈچەيتەلەيمىز ۋە دەردىمىزنى ئاڭلىتالايمىز.

---

(108) «سنن ابن ماجه» 1-توم، 81-بەت، 224-ھەدىس.

109 زۇمەر سۈرىسى:9 _ ئايەت.

110 مۇ ھەممەد سۈرىسى:19 _ ئايەت.

111 تاھا سۈرىسى: 114 _ ئايەت.

112 «صحيح البخاري» 1-توم، 6-بەت، 1-ھەدىس.

هازىرقى پەيتتە مۇسۇلمانلارنىڭ، خۇسۇسەن بىز ئۇيغۇرلارنىڭ پەن – تېخنىكا ئىگىلىشىمىز تەپسىر، ھەدىس ۋە فىقھى ئوقۇغانغا ئوخشاش زۆرۈر ۋە مۇھىمدۇر. چۈنكى بىز ھازىر پەن – تېخنىكا ئارقىلىق كۈچىيىشكە خۇددى ھاۋاغا موھتاج بولغاندەك موھتاجمىز. يەنە كېلىپ تەبىئىي پەن ئىلىملىرى ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىماننى كۈچەيتىشكە، قۇرئان كەرىمنىڭ قىممىتىنى بىلىشكە ياردەمچى بولىدۇ. تەبىئىي پەن ئالىملىرى مۇنداق دېگەن: «ئىلىم ساھەلىرى كېڭەيگەنسېرى تەڭداشسىز قۇدرەتلىك، يەككە - يېگانە ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىغا بولغان كۈچلۈك ئىلمىي دەلىللەر كۆپەيمەكتە. بىئولوگىيە، فىزىكا، تەبىئەت، ئاسترونومىيە ئالىملىرى ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ ئىلىم مۇنبىرىنى تىكلىمەكتە. بۇ ئەينى ۋاقىتتا ئاللاھنىڭ تەڭداشسىز ئۇلۇغلىقىنىڭ مۇنبىرىدۇر». يەنە ئەنگلىيەلىك پەيلاسوپ ھېربېرت سپېنسىر مۇنداق دېگەن: «تەبىئىي پەن ئىلىملىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىبادەتتۇر. چۈنكى تەبىئىي پەن ئىلىملىرىگە ئىچكىرىلەپ كىرىش بىز سىرلىرىغا يېتىپ بولالماي دەرتلىنىۋاتقان ۋە ئاستا - ئاستا بىلىنىۋاتقان شەيئىيلەرنىڭ ئېسىللىكىنى ئېتىراپ قىلىش، ئاندىن ئۇلارنى ياراتقان زاتنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى تونۇش دېمەكتۇر. بۇ ئاغزاكى تەسبىھ ئەمەس، ئەمەلىي تەسبىھتۇر. بىر تامچە سۇنى كۆرگەن ئالىم ئۇنىڭ ئوكسىگېن بىلەن ھېدروگېندىن مەلۇم نىسبەتتە تەركىب تاپقان سۇ ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ نورماللىقىدىن ئۆزگىرىپلا كەتكەندە، سۇ ئەمەس، باشقا نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ئۇبدان بىلىدۇ. بۇنىڭدىن ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى ۋە ھېكمەت بىلەن شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى چۈشىنىدۇ. مۇنداق ئالىمنىڭ ئىلمى سۇ تامچىسىنى پەقەت بىر تامچە سۇ خالاس، دەپ بىلىدىغان ئالىمنىڭ ئىلمىدىن ئەلۋەتتە يوقىرى ۋە كۈچلۈك ئىلىمدۇر. شۇنىڭدەك، بىرتال قار دانىسىنى كۆرگەن ئالىممۇ ئۇنىڭدىكى بەدىئىي سەنئەتنى، دىققەت بىلەن لايىھىلەنگەن گۈزەللىكىنى كۆرىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ ماھارىتىنى ۋە ھېكمەتلىك ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئەمما شەيئىيلەرگە يۈزەكى باقىدىغان ئالىم قار دانىسىنى ‹مۇزلىغان سۇ› دەپلا كۆرىدۇ، بەس». دېمەك، پەننىي ئىلىمنى يولىدا ئىشلەتسە، ئۇ ئاللاھ تائالانى تونۇتىدۇ.

## ئاللاھ تائالانى كۆپ ياد ئېتىش

ئاللاھ تائالانىڭ ياد ئېتىش بەندىنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان چوڭقۇر لاشتۇرىدۇ، ئۇنىڭغا بولغان باغلىنىشىنى كۈچەيتىدۇ، سۆيگۈ- مۇھەببىتىنى ئاشۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئۆزىگە يېقىن ئىكەنلىكىنى ۋە بارلىق ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. بۇ، دىندا مۇستەھكەملىكنى، ئىماننى، ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىشەنچنى ۋە ئىستىقامەتنى كۈچەيتىدۇ.

ئاللاھ تائالانى ياد ئېيتىشتىن مەقسەت

ئاللاھ تائالانى ياد ئېيتىشتىن مەقسەت خۇشاللىقتا، غەمكىنلىكتە، بايلىقتا، نامراتلىقتا، ھەممە ئەھۋالدا ۋە ھەممە جايدا ئۇنى ياد ئېتىش، نېمەتلىرىنى ئۇنۇتماسلىق، ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىش، ئۇنىڭدىن ھاجەتلىرىنى تىلەش ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە ئەڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش، ئەقلى، پىكرى ۋە ھېس- تۇيغۇلىرى ئاللاھ تائالادىن غەپلەتتە قالماسلىقى دېگەنلىكتۇر. مۇنۇ ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ: (**إِنَّ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَاخْتِلَافِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ لَآيَاتٍ لِأُولِي الْأَلْبَابِ. الَّذِينَ يَذْكُرُونَ اللَّهَ قِيَامًا وَقُعُودًا وَعَلَى جُنُوبِهِمْ وَيَتَفَكَّرُونَ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ رَبَّنَا مَا خَلَقْتَ هَذَا بَاطِلًا سُبْحَانَكَ فَقِنَا عَذَابَ النَّارِ**) يەنى «شەكسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقلى ساغلام كىشىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە (ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئوپئوچۇق دەلىللەر بار. ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ (ۋە مۇنداق دەيدۇ:) «ئى رەببىمىز! سەن بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ. (ھېكمەتسىز ئىش قىلىشتىن) ئەلۋەتتە پاكتۇرسەن! بىزنى

دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن»[113]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنى ياد ئېتىپ تۇرىدىغان ئادەم بىلەن ئاللاھنى ياد ئەتمەيدىغان ئادەمنىڭ پەرقى تىرىك بىلەن ئۆلۈككە ئوخشاشتۇر»[114].

ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش پەرزدۇر

ئاللاھ تائالانى كۆپ ياد ئېتىش، ئۇنى ھەر ۋاقىت ئېسىدە تۇتۇش ھەربىر مۇسۇلمانغا پەرزدۇر. (**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اذْكُرُوا اللَّهَ ذِكْرًا كَثِيرًا**) يەنى «ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئالاھنى كوپ ياد ئېتىڭلار»[115]، (**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تُلْهِكُمْ أَمْوَالُكُمْ وَلَا أَوْلَادُكُمْ عَنْ ذِكْرِ اللَّهِ**) يەنى «ئى ئىمان ئېيتقانلار! پۇل _ ماللىرىڭلار ۋە بالىلىرىڭلار سىلەرنى ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن غەپلەتتە قالدۇرمىسۇن»[116]دېگەن ئايەتلەر بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش بىلەن دىل ئارام تاپىدۇ

ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىشنىڭ ھەقىقىي مېۋىسى كۆڭۈلنىڭ ئارام تېپىشى، دىلنىڭ خاتىرجەملىكىدۇر. (**الَّذِينَ آمَنُوا وَتَطْمَئِنُّ قُلُوبُهُمْ بِذِكْرِ اللَّهِ أَلَا بِذِكْرِ اللَّهِ تَطْمَئِنُّ الْقُلُوبُ**) يەنى «ئۇلار (يەنى ئاللاھ ھىدايەت قىلىدىغان كىشىلەر) ئىمان ئېيتقان، دىللىرى ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدىغان كىشىلەردۇر. بىلىڭلاركى، دىللار ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ»[117].

ئاللاھ تائالانى كۆپ ياد ئېتىشنىڭ يوللىرى

ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىشنىڭ يوللىرى ناھايىتى كۆپتۇر. مەسىلەن: قۇرئان ئوقۇش، پەرزلەرنى ئادا قىلىش، ئىلىم سورۇنلىرىغا قاتنىشىش، ئەتىگەن – ئاخشىمى ۋە ھەر نامازدىن كېيىن ئۇنىڭغا زىكىر ئېتىش، ھەر ۋاقىت ئۇنىڭغا دۇئا قىلىش ۋە مۇناجات قىلىش قاتارلىقلار.

1. قۇرئان كەرىم

قۇرئان كەرىم ئۆزى زىكىردۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا (**إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا الذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُ لَحَافِظُونَ**) يەنى «قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە ئۇنى ئەلۋەتتە ئۆزىمىز قوغدايمىز»[118] دېگەن سۆزىدە ئۇنى زىكىر دەپ ئاتىغان. شەكسىزكى، قۇرئان ئوقۇغان، ئۇنى يادلىغان ۋە ئاڭلىغان كىشى ئاللاھ تائالانى ياد ئەتكەن بولىدۇ.

2. پەرز ئەمەللەر

پەرز ئەمەللەرنى ئادا قىلىش ئاللاھ تائالانى ياد ئەتكەنلىكتۇر. مەسىلەن: ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش، ھەج قىلىش قاتارلىق ئىبادەتلەرنى ئورۇنداش ئاللاھ تائالانى ياد ئەتكەنلىكتۇر. (**إِنَّنِي أَنَا اللَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا أَنَا فَاعْبُدْنِي وَأَقِمِ الصَّلَاةَ لِذِكْرِي**) يەنى «مەن ھەقىقەتەن ئاللاھمەن، مەندىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. شۇڭا، سەن ماڭىلا ئىبادەت قىلغىن، مېنى ياد قىلىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن»[119].

3. ئىلىم سورۇنى

ئوقۇش، ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش، ۋەز- نەسىھەتلەرنى ئاڭلاش، ئۆلىمالارنىڭ مەجلىسلىرىگە ھازىر بولۇش قاتارلىق ئىشلارنى ھەممىسى ئاللاھ تائالانى ياد ئەتكەنلىكتۇر. چۈنكى يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر- پەرمانلىرىنى ئورۇنداش ئۇنى ياد ئەتكەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالا ئىلىم ئەھلىنى زىكىر ئەھلى دەپ سۈپەتلىگەن. (**فَاسْأَلُوا أَهْلَ الذِّكْرِ إِنْ كُنْتُمْ لَا تَعْلَمُونَ**) يەنى «بىلمىسەڭلار، ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سوراڭلار»[120].

4. ئاللاھ تائالانى ھەر ۋاقىت ياد ئېتىش

ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم – سۈپەتلىرىنى ئوقۇش، ئۆگىنىش، ئەتىگەن- ئاخشىمى، ھەر نامازدىن، ئۇيقۇغا بارغان ۋە تۇرغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالاغا زىكىر ئېيتىش، دۇئا قىلىش، ئىستىغفار ئېيتىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانى ياد ئەتكەنلىكتۇر.

ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىشنىڭ تۈرلىرى

---

113 ئال ئىمران سۈرىسى: 190-191- ئايەتلەر.

114 «صحيح البخاري» 8-توم، 86-بەت، 6407- ھەدىس.

115 ئەھزاب سۈرىسى:40- ئايەت.

116 مۇنافىقۇن سۈرىسى: 9- ئايەت.

117 رەئد سۈرىسى:27- ئايەت.

118 ھىجر سۈرىسى:9- ئايەت.

119 تاھا سۈرىسى:14- ئايەت.

120 نەھل سۈرىسى: 43- ئايەت.

ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش تىل بىلەن، دىل بىلەن ۋە ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن بولىدۇ.

1. ئاللاھ تائالانى تىل بىلەن ياد ئېتىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆپلىگەن ھەدىسلەردە ئاللاھ تائالانى تىل بىلەن ياد ئېتىشكە بۇيرۇغان. «تىلىڭ ئاللاھقا زىكرى ئېيتىش بىلەن ھۆل بولۇپ تۇرسۇن»[121].

2. ئاللاھ تائالانى دىل بىلەن ياد ئېتىش

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەپ بۇيرۇغان: (**وَاذْكُرْ رَبَّكَ فِي نَفْسِكَ تَضَرُّعًا وَخِيفَةً وَدُونَ الْجَهْرِ مِنَ الْقَوْلِ بِالْغُدُوِّ وَالْآَصَالِ وَلَا تَكُنْ مِنَ الْغَافِلِينَ**) يەنى « رەببىڭنى ئېلىنغان ۋە ئۇنىڭدىن قورققان ھالدا ئىچىڭدە ياد ئەتكىن، ئەتىگەندە _ ئاخشامدا پەس ئاۋازدا ئۇنىڭغا زىكرى ئېيتقىن، ھەرگىز غاپىللاردىن بولمىغىن»[122].

3. ئاللاھ تائالانى ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن ياد ئېتىش

مەيلى دۇنيالىق ياكى ئاخىرەتلىك ھەممە ئىشلىرىمىزدا، گەپ- سۆزلىرىمىزدە، مۇئامىلىمىزدە ۋە بارلىق يۈرۈش- تۇرۇشىمىزدا ئاللاھ تائالانىڭ بىزنى كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېسىمىزدە تۇتۇشىمىز ئاللاھ تائالانى ياد ئەتكەنلىكتۇر.

4. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىش ئاللاھ تائالانى ياد ئەتكەنلىككە كىرىدۇ. چۈنكى دۇرۇد ئېيتىشقا ئەمر قىلغۇچى زات ئاللاھ تائالادۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى ئورۇنداش ئۇنى ياد ئەتكەنلىكتۇر. (**إِنَّ اللَّهَ وَمَلَائِكَتَهُ يُصَلُّونَ عَلَى النَّبِيِّ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آَمَنُوا صَلُّوا عَلَيْهِ وَسَلِّمُوا تَسْلِيمًا**)يەنى « شەكسىزكى، ئاللاھ پەيغەمبەرگە رەھمەت قىلىدۇ، پەرىشتىلەرمۇ (ئۇنىڭ ئۈچۈن) مەغپىرەت تىلەيدۇ، ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەرمۇ ئۇنىڭغا دۇرۇد ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار»[123]. ئەللامە ئىززۇددىن ئىبنى ئابدۇسسالام مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھقا دۇرۇد ئېيتىشىمىز بىزنىڭ ئۇنىڭغا شاپائەت قىلغانلىقىمىز ئەمەس، چۈنكى بىز رەسۇلۇللاھقا شاپائەت قىلالمايمىز. لېكىن ئاللاھ بىزنى بىزگە ياخشىلىق قىلغان كىشىگە ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى قايتۇرۇشقا، ئەگەر قايتۇرالمىساق، ئاللاھنىڭ قايتۇرۇشىنى تىلەپ دۇئا قىلىشقا بۇيرۇغان. بىز رەسۇلۇللاھنىڭ ياخشىلىقىنى قايتۇرالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئاللاھ بىزنى ئۇنىڭغا دۇرۇد ئېيتىشقا بۇيرۇغان»[124]. ئىسلام ئۆلىمالىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىشنىڭ ئىبادەت ئىكەنلىكى ۋە ھەربىر مۇسۇلمانغا پەرز ئىكەنلىكىدە بىرلىككە كەلگەن.

---

[121] «مسند الإمام أحمد» 29-توم، 226-بەت، 17680-ھەدىس.

[122] ئەئراف سۈرىسى:205- ئايەت.

[123] ئەھزاب سۈرىسى: 56- ئايەت.

[124] «فتح الباري» 11- توم، 168- بەت.

# دىيانەتلىك ۋە ياخشى كىشلەر بىلەن ئارىلىشىش

ياخشى كىشلەر بىلەن ئارىلىشىشنىڭ تەربىيەدە ۋە ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشتا ئالاھىدە چوڭ رولى بار. شۇڭا، ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرنى راستچىل كىشلەر بىلەن بىللە بولۇشقا بۇيرۇغان. (**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ وَكُونُوا مَعَ الصَّادِقِينَ**) يەنى «ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار»[125]. ئاللاھ تائالا ياخشىلارنى قايرىپ قويۇپ، يامان كىشلەر بىلەن دوست بولغانلارنىڭ قىيامەت كۈندىكى ھەسرەت- نادامىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: (**وَيَوْمَ يَعَضُّ الظَّالِمُ عَلَى يَدَيْهِ يَقُولُ يَا لَيْتَنِي اتَّخَذْتُ مَعَ الرَّسُولِ سَبِيلًا . يَا وَيْلَتَى لَيْتَنِي لَمْ أَتَّخِذْ فُلَانًا خَلِيلًا**) يەنى «شۇ كۈنى زالىم (يەنى كاپىر ئىنسان) ئىككى قولىنى چىشلەپ: «ئىسىت! كاشكى، مەن پەيغەمبەر بىلەن (نىجاتلىق) يولنى تۇتسامچۇ، ئىسىت! پالانىنى دوست تۇتمىغان بولسامچۇ؟ قۇرئان ماڭا يەتكەندىن كېيىن، ئۇ (پالانى) مېنى راستىنلا ئۇنىڭدىن ئازدۇرۇۋەتتىكەن» دەيدۇ، شەيتان ئىنساننى (ئازدۇرۇپ بولۇپ) تاشلىۋېتىدۇ»[126]. ئاللاھ تائالا يەنە دوستلۇقنىڭ قىيامەت كۈندىكى نەتىجىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: (**الْأَخِلَّاءُ يَوْمَئِذٍ بَعْضُهُمْ لِبَعْضٍ عَدُوٌّ إِلَّا الْمُتَّقِينَ**) يەنى «بۇ كۈندە دوستلار بىر ـ بىرىگە دۈشمەن بولىدۇ، پەقەت تەقۋادارلارلا ئۇنداق بولمايدۇ»[127].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياخشى كىشلەر بىلەن دوست بولۇشنىڭ ئەھمىيىتى توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «ئىنسان ئۆزى ئارىلاشقان ئادىمىنىڭ ئەخلاقىنى ئالىدۇ، شۇڭا، بىراۋنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولساڭلار، ئۇنىڭ ئارىلىشىدىغان دوستلىرىغا قاراڭلار»[128]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ياخشى دوست بىلەن يامان دوستنىڭ پەرقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ياخشى دوست بىلەن يامان دوست ئىپار ساتقۇچى بىلەن كۆرەك باسقۇچىغا ئوخشايدۇ. ئىپار ساتقۇچىنىڭ يېنىغا بارسىڭىز ئۇ سىزگە ئىپار بېرىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن سېتىۋالىسىز ياكى ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭدىن ئىپارنىڭ خۇشبۇيىنى پۇرايسىز. كۆرەك باسقۇچىنىڭ يېنىغا بارسىڭىز ئۇ كىيىمىڭىزنى كۆيدۈرۈپ قويىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن بەدبۇي سېسىق پۇراقنى پۇرايسىز»[129]. ئەجدادلىرىمىزمۇ «قازاننىڭ قېشىغا بارماڭ قاراسى يۇقار، يامانىنىڭ قېشىغا بارماڭ بالاسى (يۇقار)»[130] دېگەن ھېكمەتنى قالدۇرۇش ئارقىلىق ئەۋلادلىرىنى يامان ئادەملەر بىلەن دوست بولۇشنىڭ خەتەرلىرىدىن ئاگاھلاندۇرغان ئىكەن.

خۇسۇسەن، بالىلارنىڭ ئارىلىشىدىغان، بىرگە ئوينايدىغان ۋە بىرگە ئوقۇيدىغان ياكى بىرگە ئىشلەيدىغان دوستلىرىنى كۆزىتىپ، ئۇلارنى دىيانەتسىز، ئەخلاقسىز دوستلاردىن يىراق تۇتۇش ناھايىتى زۆرۈر. چۈنكى مۇنداق دوستلار بالىلارنى بۇزۇپ قويىدۇ.

[125] تەۋبە سۈرىسى: 119- ئايەت.

[126] فۇرقان سۈرىسى: 278-29- ئايەتلەر.

[127] زۇخرۇف سۈرىسى:67- ئايەت.

[128] «سنن أبوداود» 4-توم، 259-بەت، 4833-ھەدىس.

(129) «صحيح مسلم» 4-توم، 2026-بەت، 2628-ھەدىس.

(130) ئۇيغۇر خەلق ماقال – تەمسىللىرىدىن.

# پەرزلەرنى مۇكەممەل ئورۇنداش، نەپلى ئەمەللەر بىلەن ئاللاھقا يېقىنلىق ئىزدەش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ھەدىس قۇدسىيدا مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان: «كىمكى مەن دوست تۇتقان بەندەمگە دۈشمەنلىك قىلىدىكەن، مەن ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش ئاچىمەن. بەندەمنىڭ ماڭا مەن پەرز قىلمىغان ئىبادەتلەر بىلەن يېقىنلاشقىنى ئۇنىڭ مەن پەرز قىلغان ئىبادەتلەر بىلەن يېقىنلاشقىنىدىن يېقىملىقتۇر، بەندەم نەپلە ئىبادەتلەرنى ئورۇنداش ئارقىلىق ماڭا يېقىنلىشىدۇ. ئۇ ماڭا يېقىنلىشىش ئارقىلىق مېنىڭ مۇھەببىتىمگە ئېرىشىدۇ، مەن بىرەر بەندەمنى دوست تۇتسام، مەن ئۇنىڭ ئاڭلايدىغان قۇلىقى، كۆرىدىغان كۆزى، تۇتىدىغان قولى، ماڭىدىغان پۇتى بولۇپ قالىمەن. ئۇ چاغدا، ئۇ مەندىن نېمە تىلىسە شۇنى بېرىمەن، مەندىن پاناھ تىلىسە پاناھلىق بېرىمەن»[131].

بۇ ھەدىستە بىر قانچە مەسىلىگە ئىشارەت قىلىنغان بولۇپ، بىرىنچىسى، مۇئمىن ئادەم پەرزلەرنى تولۇق ئورۇنداش بىلەن بىرگە نەپلى ئەمەللەرنىمۇ ئورۇندىسا، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ھىمايىسىگە كىرگەن بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇنى قوغدايدۇ، ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك قىلغانلارغا قارشى ئاللاھ تائالا ئۇرۇش ئاچىدۇ. ئىككىنچىسى، ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىق ھاسىل قىلىش ئىككى يول بىلەن بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، پەرز ئەمەللەرنى تولۇق ۋە مۇكەممەل ئورۇنداش بولۇپ، بۇ ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يېقىملىق كېلىدىغان ۋە تەرتىپ بويىچە ئەڭ ئالدىدا كېلىدىغان ئەمەلدۇر. بۇنىڭغا ھارام ۋە گۇناھ ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشمۇ كىرىدۇ. يەنە بىرى، پەرز ئەمەللەرنىڭ سىرتىدىكى ئىختىيارىي ئىبادەتلەر ئارقىلىق بولىدۇ. ئىنسان مۇشۇ ئىككى خىل يول بىلەن ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىق ئىزدىگەندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئەمەلىنى قوبۇل قىلغان ۋاقىتدا، ئۇنىڭ قەلبىگە شۇنداق ئىلھام قىلىدۇكى، ئۇنىڭ قۇلىقى ئاللاھ تائالا رازى بولىدىغان نەرسىلەردىن باشقىسىنى ئاڭلىمايدىغان، كۆزى ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەردىن باشقىسىغا قارىمايدىغان، قولىنى ۋە پۇتىنى ئاللاھ تائالانىڭ تائەت-ئىبادىتىگىلا ئىشلىتىدىغان بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ئىنسان ئاللاھ تائالادىن نېمىنى تىلىسە بېرىدۇ، پاناھ تىلىسە پاناھ بېرىدۇ.

**پەرز ئەمەللەر**

پەرز ئەمەللەر ناھايىتى كۆپتۇر. بىز بىلىدىغان ناماز، روزا، زاكات، ھەج قاتارلىق ئەمەللەر ئىسلامنىڭ ئاساسلىق پەرزلىرى بولۇپ، بۇلاردىن باشقا پەرزلەرنىمۇ  تولۇق ۋە مۇكەممەل ئورۇنداش تەلەپ قىلىنىدۇ. زالىملارغا قارشى تۇرۇپ، ئېزىلگەنلەرگە ياردەم قىلىش، يوقسۇللارغا، ئاجىزلارغا ياردەم قىلىش، بالىلارنىڭ تەربىيەسىگە ئەھمىيەت بېرىش، ئاتا-ئانىلارنىڭ خىزمىتىنى قېتىرقىنىپ قىلىش، ئەر- ئاياللار بىر- بىرىگە قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى تولۇق ئادا قىلىش، تۇغقانلارغا يار يۆلەك بولۇش، قوشنىلارنى ئاسراش، مېھماننى ھۆرمەتلەش، كىشىلەرگە ئادىللىق بىلەن ۋە گۈزەل ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى پەرز ئەمەللەردۇر.

شۇنىڭدەك، مۇسۇلمانلار ھەققىدە توغرا قاراشتا بولۇش، يامان گۇماندا بولماسلىق، كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى يۆگەش، خاتالىقىنى ئەپۇ قىلىش، ھايۋانلارغا رەھىم- شەپقەتلىك بولۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى پەرز ئەمەللەرگە كىرىدۇ. گۇناھ، يامان ئىشلاردىن ساقلىنىش، ھارامدىن قېچىش، تۆھمەتتىن، غەيۋەتتىن، مۇتەكەببىرلىكتىن ساقلىنىش قاتارلىقلارمۇ پەرزدۇر.

**نەپلى ئەمەللەر**

نەپلى ئەمەللەر بەش ۋاخ نامازنىڭ سۈننەتلىرىنى ئوقۇش، دۈشەنبە، پەيشەنبە كۈنلىرى ۋە ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش، سەدىقە بېرىش، قايتا ھەج قىلىش دېگەنگە ئوخشىغان پەرز ئەمەللەرنىڭ سىرتىدا قىلىنىدىغان ئىختىيارىي ئەمەللەر بولۇپ، پەرز ئەمەللەردىكى ناقىسلىقنى تولۇقلايدۇ. نەپلى دەپ قىلىنغان بۇ ئەمەللەر پەرز ئەمەللەردىكى نۇقسانلارنى تولۇقلاپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن نەپلى ئەمەل ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى نەپلى دېگەن زىيادە دېگەنلىك بولۇپ، پەرز ئەمەللەرنى تولۇقلاپ بولۇپ ئاشقىنى ئاندىن نەپلى بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«ئىنسانلارغا دىندا ئەڭ ئاۋۋال پەرز قىلىنغان ئىبادەت نامازدۇر. ئەڭ ئاخىرغىچە داۋاملىشىدىغان ئىبادەتمۇ نامازدۇر. قىيامەت كۈنى ئەڭ ئاۋۋال ھېساب ئېلىنىدىغان ئەمەلمۇ نامازدۇر. ئاللاھ "بەندەمنىڭ نامىزىغا قاراڭلار" دەيدۇ. ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ نامىزى تولۇق بولغان بولسا، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەمەللىرى تولۇق بولغان بولۇپ قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ نامىزى كەمچىل (ناقىس) بولسا، ئاللاھ "قاراڭلار بۇ بەندەمنىڭ نەپلە (پەرزدىن تاشقىرى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئوقۇغان) نامىزى بارمىكەن" دەيدۇ. ئەگەر نەپلە ئىبادەتلىرى بولغان بولسا، ئۇ نەپلە ئىبادەت بىلەن پەرزنىڭ نۇقسانلىرى تولۇقلىنىدۇ»[132].

---

[131] «صحيح البخاري» 8- توم، 105-بەت، 6502– ھەدىس.

(132) «سنن أبي داود» 1-توم، 229-بەت، 864-ھەدىس.

## هاياتنىڭ ھەربىر دەقىقىسىنى ئىبادەتكە ئايلاندۇرۇش

نىيىتىڭىز ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشتىن ئىبارەت بولۇپ، دىن ۋە دۇنيالىق ھەرقانداق بىر ئىشنى ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە قىلسىڭىز، سىزنىڭ پۈتكۈل ھاياتىڭىز ئىبادەت ئىچىدە بولغان بولىدۇ. بۇنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق:

ئىبادەت _ ئاللاھ تائالا تەلەپ قىلغان ۋە كۆرسەتكەن بويىچە ئىش قىلىش ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالاغا بەندىلىك بۇرچىنى ئادا قىلىش دېگەنلىكتۇر. بۇ ئىبادەتنىڭ ئومۇمىي مەنىسى بولۇپ، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇرۇش، ھەج قىلىش، قۇرئان ئوقۇش قاتارلىق ئىبادەتلەر ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئومۇمىي ئىبادەتنىڭ بىر قىسمىدۇر. چۈنكى «ئىبادەت دىنىنىڭ، شۇنداقلا ھاياتلىقنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغىنىدەك، ئىنساننىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن پۈتۈن ئىشلىرىنى، تىلى ۋە دىلىنىڭ ئەمەللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ»[133].

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ «العبودية» ناملىق ئەسىرىدە ئىبادەتنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «ئىبادەت — ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ھەر قانداق ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىش _ ھەرىكەت، گەپ - سۆز ۋە ئوي - پىكىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئىسىمدۇر. ئىبادەتنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپتۇر. ئۇلار: ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، ھەج – ئۆمرە قىلىش، توغرا ۋە راست سۆزلەش، ئامانەتنى ئادا قىلىش، ئىلىم ئۆگىنىش، ئاتا _ ئانىغا ياخشى خىزمەت قىلىش، تۇغقانچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، باشقىلارنى ياخشىلىقلارغا بۇيرۇش، يامانلىقلاردىن توسۇش، ھالال رىزىق ئۈچۈن ئىشلەش، پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيىلەش، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش، خوشنىلارغا، يېقىنلارغا، يېتىملارغا، مۇساپىرلارغا ياخشىلىق قىلىش، ھايۋانلارغا رەھىم قىلىش، قۇرئان ئوقۇش، ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىش، ئۇنى ياد ئېتىش، ئاللاھ تائالانى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى چىن دىلدىن سۆيۈش، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقۇپ، رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىش، ھەر ئىشتا ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا تايىنىش، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەش، سەۋرچان بولۇش، ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش قاتارلىقلاردۇر»[134].

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بارلىق ئىنسانلارنى ئىبادەتكە بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: ( **يَا أَيُّهَا النَّاسُ اعْبُدُوا رَبَّكُمُ الَّذِي خَلَقَكُمْ وَالَّذِينَ مِنْ قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ**) يەنى «ئى ئىنسانلار! (ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى ۋە سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرنى ياراتقان رەببىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار»[135]. يەنە ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىش غايىسىنىڭ پەقەت ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ: ( **وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنْسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ**) يەنى «جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم»[136] دېگەن. مۇپەسسىرلەرنىڭ پېشۋاسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەرللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەتنى: «مەن ئىنسانلارنى ۋە جىنلارنى ماڭا ئىبادەت قىلسۇن ۋە مېنىڭ ئەمرىگە بويسۇنسۇن دەپ ياراتتىم» دەپ تەپسىر قىلغان[137]. يەنى ئىنسانلار ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئەمەل-ئىبادەتلەرنى ئورۇنداش، ئاللاھ تائالا مەنئى قىلغان ئىشلارنى قىلماسلىق ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بارلىق ئەمر-پەرمانلىرىغا بويسۇنۇپ، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە كۆرسەتكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەھىھ ھەدىسلىرىدە بىلدۈرگەن بويىچە ئىش قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان.

كىمكى ھاياتىنىڭ غايىسىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر _ پەرمانلىرىنى ئورۇنداشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ۋار مەقسەتكە بېغىشلايدىكەن، ئۇنىڭدىن سادىر بولغان ھەرقانداق گەپ- سۆز، ئىش- ھەرىكەتلەرنىڭ، ھەتتا ئارام ئېلىش، راھەتلىنىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىبادەت قاتارىدا يېزىلىدۇ. مانا بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ «جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم» دېگەن مۇقەددەس سۆزىنىڭ تەقەززاسىدۇر. ناماز، روزا، زاكات، ھەج قاتارلىق مۇئەييەن ئىبادەتلەر بۇ ئايەتتە يارىتىلىشنىڭ غايىسى قىلىنغان ئومۇمىي ئىبادەتنىڭ بىر قىسمىدۇر، ھەممىسى ئەمەس. بۇ مۇئەييەن ئىبادەتلەر ئومۇمىي ئىبادەتنى داۋاملاشتۇرۇش يولىمىزدىكى مەنىۋى غىزالاردۇر، خالاس. چۈنكى بىزنىڭ دۇنيادىكى بۇ چەكلىك ھاياتىمىز ئەمەلىيەتتە ئاللاھ يولىدىكى ئۇزۇن سەپەر بولۇپ، خۇددى ئۇزۇن سەپەرگە چىققان يولۇچى يولنى

---

133 دوكتۇر يۈسۈف ئەل قەرداۋىينىڭ «العبادة في الإسلام»ناملىق ئەسىرىدىن.
134 شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ«العبودية»ناملىق ئەسىرى، 2- بەت.
135 بەقەرە سۈرىسى: 21- ئايەت.
136 زارىيات سۈرىسى: 56-57- ئايەتلەر.
137 «تفسير الطبري» 22- توم، 444- بەت.

داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، يول بويىدىكى ماي قاچىلاش ئورۇنلىرىدا توختاپ، ئاپتوموبىلغا ماي قاچىلاپ مېڭىشقا موھتاج بولغاندەك، ئاللاھ يولىدىكى ئۇزۇن سەپەرنىڭ كارۋانلىرىمۇ ناماز، روزا، زاكات، قۇرئان ئوقۇش، ھەج مۇئەييەن پەرزلەرنى ئورۇنداش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى غىزاسىنى تولۇقلايدۇ. خۇددى ئۇزۇن سەپەردىكى يولۇچىنىڭ غايىسى يولدا توختاپ ئاپتوموبىلغا ماي قاچىلاش ئەمەس، بەلكى يولنى داۋاملاشتۇرۇپ ئاخىرقى مەنزىلگە يېتىش بولغاندەك، ئاللاھ يولىدىكى ھەربىر مۇئمىنىنىڭ غايىسىمۇ شۇ مۇئەييەن ئىبادەتلەرنى ئورۇنداپ قويۇش ئەمەس، بەلكى ئۆستىدىكى ئىبادەت بۇرچىنى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا بارغانغا قەدەر داۋاملاشتۇرۇشتۇر.

ئەللامە مۇھەممەد غەززالىي ئىبادەتنىڭ چەكلىك ئەمەسلىكى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئىنساننىڭ نىيىتى ھەر ئىشتا ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر- پەرمانلىرىنى ئورۇنداشتىن ئىبارەتلا بولىدىكەن، ئۇنىڭدىن سادىر بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىكىدىن ئىبادەتكە ئايلىنىپ مېڭىۋېرىدۇ. خۇددى پۇل باسىدىغان زاۋۇد ئۇنىڭغا كىرگەن قىممەتسىز خام ئەشيالارنى قىممەتلىك پۇل قىلىپ چىقارغىنىدەك، ئىنساننىڭ نىيىتى دۇرۇس بولسا، ئۇنىڭ ئادەتتىكى ئىشلىرىمۇ ئىبادەت قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ»[138].

ئەمەل _ ئىبادەتلەرنىڭ قوبۇل بولۇش شەرتلىرى

ئەمەل _ ئىبادەتلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولۇشىنىڭ ئىككى شەرتى بار بولۇپ، بۇ ئىككى شەرت تولۇق تېپىلمىغان ھەرقانداق ئىبادەت قوبۇل بولمايدۇ. بۇ ئىككى شەرت:

1. ھەرقانداق ئەمەل _ ئىبادەتنى ئاللاھ تائالا ئۈچۈن قىلىش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ قىلىش. بۇنىڭدىن باشقا قانداقلا بىر غەرەز بىلەن قىلىنىغان ئەمەل- ئىبادەتلەر بىكاردۇر.

2. ھەرقانداق ئەمەل _ ئىبادەتنى ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەن بويىچە قىلىش. ئىسلام شەرىئىتىنىڭ كۆرسەتمىسىگە مۇۋاپىق كەلمىگەن ھەرقانداق ئەمەل _ ئىبادەت بىكاردۇر.

يۇقىرىقى بايانلارغا ئاساسەن دېيەلەيمىزكى، ئۆزىنى ئاللاھ تائالاغا ئاتىغان، نىيىتى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشتىن ئىبارەت بولغان ئادەم مەيلى دۇنيالىق ياكى ئاخىرەتلىك قانداقلا بىر ئىشنى ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە قىلىدىكەن، ئۇ نەدە بولسا ئىبادەت ئىچىدە بولغان بولىدۇ، نېمە ئىش قىلسا ئىبادەت قىلغان بولىدۇ.

**گۈزەل ئەخلاق — ئىبادەتتۇر**

ئىسلام ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلانغان مۇئمىن ئادەمنىڭ ھاياتى ئىبادەت ئىچىدە بولغان بولىدۇ. چۈنكى گۈزەل ئەخلاق ئىبادەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلىپ: «مۇئمىن ئادەم ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى بىلەن كېچىسى ناماز ئوقۇپ، كۈندۈزى روزا تۇتقاننىڭ ساۋابىنى تاپىدۇ»(139) دېگەن. ئاللاھ تائالا بەختكە ئېرىشىدىغان ھەقىقىي مۇئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلغان جىمى ئايەتلەردە، ئۇلارنىڭ ئەخلاقى بىلەن ئىبادىتىنى ماختىغان. مەسىلەن: مۇئمىنۇن سۈرىسىدە مۇنداق دېيىلگەن:

(**قَدْ أَفْلَحَ الْمُؤْمِنُونَ الَّذِينَ هُمْ فِي صَلَاتِهِمْ خَاشِعُونَ**) يەنى «مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى. ئۇلار (شۇنداق مۇئمىنلەركى) نامازلىرىدا (ئاللاھنى ئۇلۇغلىغانلىقتىن) ئۇنىڭدىن ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر». بۇ ئىبادەت.

(**وَالَّذِينَ هُمْ عَنِ اللَّغْوِ مُعْرِضُونَ**) يەنى «ئۇلار بىھۇدە سۆز، بىھۇدە ئىشتىن يىراق بولغۇچىلاردۇر». بۇ ئەخلاق.

(**وَالَّذِينَ هُمْ لِلزَّكَاةِ فَاعِلُونَ**) يەنى «ئۇلار زاكات بەرگۈچىلەردۇر». بۇ ئىبادەت.

(**وَالَّذِينَ هُمْ لِفُرُوجِهِمْ حَافِظُونَ إِلَّا عَلَى أَزْوَاجِهِمْ أوْ مَامَلَكَتْ أَيْمَانُهُمْ فَإِنَّهُمْ غَيْرُ مَلُومِينَ فَمَنِ ابْتَغَى وَرَاءَ ذَلِكَ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْعَادُوْنَ**) يەنى «ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئاياللىرى ۋە چۆرىلىرىدىن باشقىلاردىن (يەنى ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر. ئۆز ئاياللىرى ۋە چۆرىلىرى بىلەن جىنسىي يېقىنچىلىق قىلغۇچىلار مالامەت قىلىنمايدۇ. بۇنىڭ سىرتىدىن (جىنسىي تەلەپنى قاندۇرۇشنى) تەلەپ قىلغۇچىلار ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر». بۇ ئەخلاق.

(**وَالَّذِينَ هُمْ لِأَمَانَاتِهِمْ وَعَهْدِهِمْ رَاعُونَ**) يەنى «ئۇلار ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ۋەدىسىگە

---

138 ئەللامە مۇھەممەد غەززالىينىڭ «بۇ بىزنىڭ دىنىمىز» ناملىق ئەسىرىدىن.

(139) «سنن أبوداود» 4- توم، 252- بەت، 4798- ھەدىس.

رىئايە قىلغۇچىلاردۇر». بۇ ئەخلاق.

(**وَالَّذِينَ هُمْ عَلَى صَلَوَاتِهِمْ يُحَافِظُونَ**) يەنى «نامازلىرىنى (ۋاقتىدا، تەلەپكە لايىق) ئادا قىلغۇچىلاردۇر».[140] بۇ ئىبادەت.

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ سۆيگۈسىگە ئېرىشىدىغان مۇئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىنىمۇ ئۇلارنىڭ ئىبادىتى ۋە ئەخلاقى بىلەن بىرگە بايان قىلغان. مەسلەن: فۇرقان سۈرىسىدە مۇنداق كەلگەن:

﴿**وَعِبَادُ الرَّحْمَنِ الَّذِينَ يَمْشُونَ عَلَى الْأَرْضِ هَوْنًا وَإِذَا خَاطَبَهُمُ الْجَاهِلُونَ قَالُوا سَلَامًا**) يەنى «رەھمان ئاللاھنىڭ (ياخشى كۆرىدىغان) بەندىلىرى، زېمىندا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ تەمكىنلىك بىلەن ماڭىدۇ، نادانلار ئۇلارغا (نالايىق) سۆز قىلسا، ئۇلارغا: «سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز» دەيدۇ (ۋە ئۆز يولىغا داۋام قىلىدۇ)». بۇ ئەخلاق.

(**وَالَّذِينَ يَبِيتُونَ لِرَبِّهِمْ سُجَّدًا وَقِيَامًا**) يەنى «ئۇلار كېچىلەرنى رەببىگە سەجدە قىلىش ۋە قىيامدا تۇرۇش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ». بۇ ئىبادەت.

(**وَالَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا اصْرِفْ عَنَّا عَذَابَ جَهَنَّمَ إِنَّ عَذَابَهَا كَانَ غَرَامًا إِنَّهَا سَاءَتْ مُسْتَقَرًّا وَمُقَامًا**) يەنى «ئۇلار: «رەببىمىز! بىزدىن جەھەننەم ئازابىنى يىراق قىلغىن، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئازابى (كاپىرلاردىن) ئايرىلمايدۇ. ئۇ ھەقىقەتەن يامان قارارگاھتۇر، يامان جايدۇر» دەيدۇ». بۇ ئىبادەت.

(**وَالَّذِينَ إِذَا أَنفَقُوا لَمْ يُسْرِفُوا وَلَمْ يَقْتُرُوا وَكَانَ بَيْنَ ذَلِكَ قَوَامًا**) يەنى «ئۇلار خىراجەت قىلغاندا، ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئوتتۇرھال يول تۇتىدۇ».[141] مانا بۇ ئەخلاق.

---

(140) مۇئمىنۇن سۈرىسى: 1-9- ئايەتلەر

(141)فۇرقان سۈرىسى: 63-67- ئايەتلەر.

# تەۋبە _ ئىستىغپار ئېيتىشنى ئادەت قىلىش

تەۋبە — سادىر قىلىنغان گۇناھلارغا پۇشايمان قىلىپ، قايتا گۇناھ قىلماسلىققا بەل باغلاپ، توغرىلىققا قايتىش دېگەنلىكتۇر.

ئىستىغفار —گۇناھلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن كەچۈرۈم تىلەش دېگەنلىكتۇر.

ئۆزىنىڭ كەمچىلىكلىرىنى، خاتالىقلىرىنى ۋە گۇناھلىرىنى تونۇپ، ئاللاھ تائالاغا ئىستىغپار ئېيتىش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم تىلەش پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ئۇلۇغلىق مۇئمىنلەرنىڭ ئەخلاقىدۇر.

زامانىمىزدا كۆپىنچە كىشىلەر تەۋبە _ ئىستىغپار ئېيتىڭلار دېيىلسە، خۇددى تەۋبە _ ئىستىغپارنى چوڭ گۇناھلارنى سادىر قىلغان ياكى جىنايەت ئىشلىگەن ئادەم ئېيتسا بولىدۇ دېگەندەك، ياكى ئەلھەمدۇ لىللاھ بىز بەش ۋاخ نامىزىمىزنى مۇكەممەل ئادا قىلىپ كېلىۋاتىمىز، بىراۋنىڭ ھەققىنى يېمىدۇق، بىراۋغا زۇلۇم قىلمىدۇق، ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلمىدۇق، شۇڭا ئىستىغپارنى ئېيتساقمۇ ياكى ئېيتمىساقمۇ بەك مۇھىم ئەمەس دېگەندەك قىلىپ، تەۋبە _ ئىستىغپاردىن ئىبارەت بۇ مۇھىم ئەمەلگە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. ئەمەلىيەت ھەرگىز ئۇلار ئويلىغاندەك ئەمەس. تەۋبە _ ئىستىغپارنى گۇناھكار ئادەملەرلا ئېيتمايدۇ. چۈنكى ئىستىغپارنى گۇناھتىن پاك پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئېيتقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن ھەر كۈنى ئاللاھقا 70 قېتىمدىن كۆپرەك تەۋبە _ ئىستىغپار ئېيتىمەن»[142] دېگەن. چۈنكى تەۋبە _ ئىستىغپار قەدىمىمىزنىڭ تېيىپ كەتمەسلىكى، توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرۇشى ۋە بۇ يولدا ئىزچىل يۈرۈشىمىز ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈردۇر.

**تەۋبە _ ئىستىغپار ئادەمنى توغرا يولدا مۇستەھكەم قىلىدۇ**

تەۋبە _ ئىستىغپار ئادەمنى گۇناھلاردىن پاكلاپ، خاتالىقلاردىن يىراق قىلىپ تۇرىدىغان نەرسە. خاتالىقنى ئوڭشاپ، گۇناھنى تەۋبە بىلەن ئۆچۈرۈپ ماڭمىغاندا، بىر گۇناھ يەنە بىر گۇناھنى، بىر خاتالىق يەنە بىر ياكى بىر قانچە خاتالىقلارنى تۇغدۇرۇپ مېڭىۋېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئوڭشاپ قىيىن بولىدۇ. بۇ خۇددى كۆڭلەكنىڭ بىرىنچى تۈگمىسىنى خاتا ئېتىش بىلەن ئۇنىڭ پۈتۈن تۈگمىلىرى خاتا ئېتىلىپ ماڭغىنىغا ئوخشاش. كۆڭلەكنىڭ دەسلەپ ئەتكەن تۈگمىسىنى قايتىدىن توغرا ئەتكەندىن كېيىنلا، باشقا تۈگمىلەرمۇ توغرا ۋە جايىدا ئېتىلىپ ماڭىدۇ.

ئۆز خاتالىقىنى بىلگەن ھامان ئۇنىڭدىن دەرھال قول ئۈزگەن، بىر گۇناھنى ئىشلىگەن ھامان ئۇنىڭغا پۇشايمان قىلىپ تەۋبە قىلغان ئادەم قايتا خاتالىق سادىر قىلىشتىن ۋە گۇناھقا چۈشۈپ قېلىشتىن ئۆزىنى يىراق تۇتالايدۇ. دېمەك، تەۋبە _ ئىستىغپار ئادەمنىڭ ئىش _ ھەرىكەتلىرىنىڭ توغرا ۋە مۇستەھكەم بولۇپ داۋام قىلىشىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان نەرسە. شۇڭا تەۋبىنىڭ ئەھمىيىتى زور، پايدىسى كۆپتۇر.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «ھەرقانداق ئادەم بالىسى خاتالاشقۇچىدۇر، خاتالاشقۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى تەۋبە قىلغۇچىلاردۇر»[143] دېگەن. بۇنىڭدىكى سىر نېمە؟ چۈنكى تەۋبە _ ئىستىغپار ئىنساننىڭ توغرا يولدىن ئېزىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ قەدىمىنى مۇستەھكەم قىلىپ تۇرىدىغان، خاتالىقلارنىڭ ۋاقتىدا يۇيۇلۇپ، گۇناھلارنىڭ ئۆچۈرۈلۈپ تۇرۇشى ئارقىلىق ئۇنى مۇرەككەپ خاتالىقلار ۋە ئېغىر گۇناھلاردىن ساقلاپ تۇرىدىغان قالقاندۇر. تەۋبە- ئىستىغپار ئېيتىشنىڭ مۇئەييەن ۋاقتى يوق. ئۇنى قايسى ۋاقىتتا ۋە قانداق جايدا ئېيتسا بولىدۇ.

گۇناھ – مەئسىيەتلەر ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە قارشى سادىر قىلىنغان گۇناھ - مەئسىيەتلەر ۋە مەخلۇقاتنىڭ ھەققىدە قارشى سادىر قىلىنغان قىلمىشلار، دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

1. ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە قارشى سادىر قىلىنغان گۇناھلار قۇرئان كەرىمدە ياكى ھەدىسلەردە كەلگەن «قىل» ۋە «قىلما» دېگەن ئەمر - پەرمانلىرىغا خىلاپ كېلىدىغان ھەرقانداق گۇناھ – مەئسىيەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ئىنساننى شۇنچە گۈزەل شەكىلدە يارىتىپ، ئۇنىڭغا يەر يۈزىنىڭ خوجايىنلىقىنى ئاتا قىلىپ، ئۇنى مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىكى قىلدى، ئۇنى تۈرلۈك ئېسىل نېمەتلەر بىلەن رىزىقلاندۇردى. بۇ سەۋەبتىنمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى ھەققى تولىمۇ چوڭدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى ھەققىنى ئادا قىلىشنىڭ يولى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر- پەرمانلىرىنى ئورۇنداپ، چەكلىگەنلىرىنى تەرك ئېتىپ، ئاللاھ تائالا تەلەپ قىلغان بويىچە ھايات كەچۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

---

(142)«صحيح البخاري» 8-توم، 67-بەت، 6307-ھەدىس.

143 «سنن الترمذي»4-توم، 240-بەت، 2499-ھەدىس.

ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر- پەرمانلىرىغا خىلاپلىق قىلىش ئۇنىڭ ھەققىگە قارشى گۇناھ سادىر قىلغانلىقتۇر.

2. مەخلۇقاتقا قارشى سادىر قىلىنغان قىلمىشلار دېگىنىمىز: ئىنسانلارنى زىيان- زەخمەتكە ئۇچرىتىش، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىش، ئۇلارنىڭ ھەققىنى يەۋېلىش، ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلىش، ئابرۇيىنى تۆكۈش، ھايۋانلارنى ئازابلاش، قىيناش قاتارلىق يامانلىقلارنى ۋە جىنايەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى مۇنداق قىلىش ئىنسانلارنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىتىلماستىن ھۇزۇر ئىچىدە ياشاشتىن ئىبارەت تەبىئىي ھەققىگە تاجاۋۇز قىلغانلىق بولىدۇ. شۇنداقلا، ھايۋانلارنى ئازابلاش، قىيناش ۋە ئۇلارغا قارشى سادىر قىلىنغان قانداقلا بىر يولسىزلىق ئۇلارغا زۇلۇم قىلغانلىق ۋە ھايۋانلاردىن يوللۇق پايدىلىنىش، ئۇلارغا شەپقەتلىك مۇئامىلە قىلىشتىن ئىبارەت دىنىمىز بەلگىلىگەن پرىنسىپقا خىلاپلىق قىلغانلىق بولىدۇ.

### تەۋبىنىڭ قوبۇل بولۇشىنىڭ شەرتلىرى

ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە قارشى سادىر قىلىنغان گۇناھ - مەئسىيەتلەرنىڭ تەۋبىسى تۆۋەندىكى ئۈچ شەرت بىلەن قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۇلار:

1. بۇرۇن قىلغان گۇناھ، يامان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىش،
2. گۇناھ، يامان ئىشلاردىن قەتئىي قول ئۈزۈش،
3. بۇرۇن قىلغان گۇناھ، يامان ئىشلارنى قايتا قىلماسلىققا چىن ئىرادە باغلاش.

مەخلۇقاتقا قارشى سادىر قىلىنغان قىلمىش ۋە جىنايەتلەرنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن يۇقىرىقى ئۈچ شەرت بىلەن بىرگە، ھەق ئىگىسىنى رازى قىلىش شەرت قىلىنىدۇ. چۈنكى بۇ خىلدىكى ھەق ئاللاھ تائالانىڭ ھەققى بولماستىن، ئىنسانلارنىڭ ئۆز ھەقلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار قىلمىشكارلىرىنى ئۆزلىرى كەچۈرمىگىچە ئاللاھ تائالا كەچۈرمەيدۇ ۋە تەۋبىلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ. مانا بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئادالىتىدۇر.

### ئىستىغپار ئېيتىشنىڭ ئەڭ ئەۋزەل ۋاقتى

ئىستىغپار ئېيتىشنىڭ ئەڭ ئەۋزەل ۋاقتى سەھەر ۋاقتىدۇر. ئاللاھ تائالا جەننەتكە كىرىدىغان تەقۋادارلارنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلغان ئايەتتە ئۇلارنى (**وَالْمُسْتَغْفِرِينَ بِالْأَسْحَارِ**) يەنى «ئۇلار سەھەرلەردە ئىستىغپار ئېيتقۇچىلاردۇر»[144] دەپ ماختىغان. يەنە ( **وَبِالْأَسْحَارِ هُمْ يَسْتَغْفِرُونَ**) يەنى «ئۇلار سەھەرلەردە (رەببىدىن) مەغپىرەت تىلەيتتى»[145] دەپ تەرىپلىگەن.

### ئىستىغپارنىڭ پايدىلىرى كۆپ

بىرىنچىسى: ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرىدىغان ئادەم دۇنيادا جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن ھەرگىز ئازاب چەكمەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن( **وَمَا كَانَ اللَّهُ لِيُعَذِّبَهُمْ وَأَنْتَ فِيهِمْ وَمَا كَانَ اللَّهُ مُعَذِّبَهُمْ وَهُمْ يَسْتَغْفِرُونَ** ) يەنى «ئۇلار ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرغان چاغدا ئاللاھ ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ»[146]. دېمەك، ئىستىغپار ئىنساننى جىسمانىي، مەنىۋى، پىكرىي، ئىجتىمائىي ئازابلاردىن، شۇنداقلا بارلىق ئازابلاردىن ئازاد قىلىدۇ.

دېمەك، يەر يۈزىدە ئىككى ئامانلىق بولۇپ، بىرى كېتىپ قالغان، يەنە بىرى قالغان. كېتىپ قالغىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدۇر. قېلىپ قالغىنى ئىستىغپاردۇر.

ئىككىنچىسى: ئىستىغپار ئىنسانغا بارلىق ياخشىلىق تۈرلىرىنى ئاچىدۇ. بۇ ماۋزۇدا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ (**فَقُلْتُ اسْتَغْفِرُوا رَبَّكُمْ إِنَّهُ كَانَ غَفَّارًا . يُرْسِلِ السَّمَاءَ عَلَيْكُمْ مِدْرَارًا . وَيُمْدِدْكُمْ بِأَمْوَالٍ وَبَنِينَ وَيَجْعَلْ لَكُمْ جَنَّاتٍ وَيَجْعَلْ لَكُمْ أَنْهَارًا**) يەنى «رەببىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار. چۈنكى ئۇ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. ( شۇنداق قىلساڭلار) ئۇ سىلەرگە مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، سىلەرنىڭ مال _ مۈلكۈڭلارنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ، سىلەرگە باغلارنى، ئۆستەڭلەرنى ئاتا قىلىدۇ »[147]. دېگەن سۆزىنى ئەسكە ئېلىش يېتەرلىكتۇر.

ئۈچىنچىسى: ئىستىغپار مۇسۇلمان ئادەمگە ۋە مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە كۈچ _ قۇۋۋەت ۋە قۇدرەت ئاتا قىلىدۇ. ئاللاھ

---

144 ئال ئىمران سۈرىسى: 17- ئايەت.
145 زارىيات سۈرىسى: 18- ئايەت.
146 ئەنفال سۈرىسى: 33-ئايەت.
147 نۇھ سۈرىسى: 10-12- ئايەتلەر.

تائالا هۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە ئېيتقان سۆزىنى قىسسە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ( **وَيَا قَوْمِ اسْتَغْفِرُوا رَبَّكُمْ ثُمَّ تُوبُوا إِلَيْهِ يُرْسِلِ السَّمَاءَ عَلَيْكُمْ مِدْرَارًا وَيَزِدْكُمْ قُوَّةً إِلَى قُوَّتِكُمْ**) يەنى «ئى قەۋمىم! رەببىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار (شۇنداق قىلساڭلار)، ئۇ سىلەرگە كۆپ يېغىن ياغدۇرۇپ بېرىدۇ ۋە كۈچۈڭلارغا كۈچ قاتىدۇ)[148].

تۆتىنچىسى: ئىستىغپار ئىنسانغا بەخت _ سائادەتلىك ھايات بېغىشلايدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى قىسسە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: (**وَأَنِ اسْتَغْفِرُوا رَبَّكُمْ ثُمَّ تُوبُوا إِلَيْهِ يُمَتِّعْكُمْ مَتَاعًا حَسَنًا إِلَى أَجَلٍ مُسَمًّى**) يەنى « سىلەر رەببىڭلاردىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار، (شۇنداق قىلساڭلار) ئاللاھ سىلەرنى بەلگىلەنگەن ئەجىلىڭلار توشقۇچە ئوبدان ياشىتىدۇ»[149].

**گۇناھ قىلمايدىغان ئادەم يوق**

ھەر قانداق ئادەم بىلىپ _ بىلمەي چوقۇم خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ ۋە گۇناھ ئۆتكۈزۈپ سالىدۇ. ھەتتا ھېچ گۇناھ قىلمىغان ئادەمنىڭ ئۆزىنى گۇناھسىز ھېس قىلىپ مەغرۇرلىنىشىنىڭ ئۆزىمۇ گۇناھ ئۆتكۈزگەندىن ئېغىرراق گۇناھتۇر. دېمەك، دۇنيادا گۇناھسىز ئادەم يوق! ئاللاھ تائالا گۇناھ قىلمايدىغان ئادەمدىن گۇناھ قىلىپ گۇناھىغا تەۋبە قىلىپ ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلغان ئادەمنى ياخشى كۆرىدۇ. چۈنكى گۇناھ قىلمىغان ئادەم گۇناھ _ مەسىيەتنىڭ ھارام لەززىتىنى تېتىمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ مەغپىرەتنىڭ ھالاۋىتىنىمۇ تېتىيالمايدۇ. چۈنكى بىرەر گۇناھنى قىلىپ كەلگەن ئادەم ئۇنى تاشلاش يولىدا كۆپ قىيىنچىلىق تارتىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ساۋابتىن دەرىجە قازىنىدۇ، گۇناھلىرىنى تەۋبە ئارقىلىق ياخشى ئەمەللەرگە ئۆرۈيەلەيدۇ. ئەمما گۇناھ قىلمىغان ئادەم بۇنداق قىيىنچىلىققا ئۇچرىمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر سىلەر گۇناھ قىلمىساڭلار، ئاللاھ گۇناھ ئۆتكۈزىدىغان، ئاندىن كېيىن تەۋبە قىلىدىغان بىر خەلقنى يارىتىپ، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ»[150] دېگەن. بۇ ھەدىس ئاللاھ تائالانىڭ گۇناھ _ مەسىيەتلەرنى ياقتۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىمەيدۇ، بەلكى بەندىلىرىنىڭ تەۋبىلىرىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ (**اَلْغَفُوْرُ**) (كەچۈرگۈچى) ۋە (**اَلْغَفَّارُ**) (گۇناھكارلارنى ناھايىتى بەك كەچۈرگۈچى) دېگەن ئۇلۇغ سۈپەتلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىزھار قىلىش ۋە بەندىلىرىگە بولغان مېھرىبانلىقىنى ئىپادىلەشنى خالايدۇ.

---

[148] ھۇد سۈرىسى: 52- ئايەت.

[149] ھۇد سۈرىسى: 3- ئايەت.

[150] «صحيح مسلم» 4-توم، 2106-بەت، 2749-ھەدىس.

## قەلبنىڭ ساغلاملىقىنى ساقلاش

قەلبنىڭ ساغلاملىقى— ئۇنىڭ ئىسلام ئەقىدىسىگە زىت كېلىدىغان ئېتىقاد، پىكىر ۋە ئېقىملاردىن خالىي بولغىنىدەك، كىشىلەرگە قارشى دۈشمەنلىك، كۆرەلمەسلىك، ئۆچمەنلىك، كۆڭلى تارلىق قاتارلىق مەنىۋى كېسەللىكلەردىن خالىي بولۇشى ۋە يامان پىكىر ۋە خىياللاردىن يىراق بولۇشى، شۇنداقلا ھەر كىمگە كۆڭلى _ كۆكسى كەڭ، ئەپۇچان، مەرد، كۆيۈمچان، مېھىر - شەپقەتلىك بولۇشى دېگەنلىكتۇر.

قەلبنىڭ ساغلاملىقى ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، ئۇنىڭ ھەرقانداق بىر مەنىۋى كېسەللىك ۋە ناچار ئىللەتلەردىن خالىي بولۇشى ھەقىقىي مۇئمىنلىكنىڭ ئالدىنقى تەلەپلىرىدىن بىرىدۇر. تومۇر داتلاشقاندەك قەلبمۇ داتلىشىدۇ، بۇزۇلغان گۆشنى مىكروب قاپلىغاندەك بۇزۇلغان قەلبنىمۇ مىكروبلار قاپلايدۇ. ئىنسانىنىڭ قەلبى تۈزۈلسە، ئۇنىڭ باشقا ئورگانلىرىنىڭ ئىشلىرىمۇ تۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭ قەلبى بۇزۇلسا، ئۇنىڭ بارچە ئىشلىرىمۇ بۇزۇلىدۇ. قەلب قوماندان، باشقا ئورگانلار ئەسكەردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئۇنۇتماڭلاركى، بەدەندە بىر پارچە گۆش بار، ئۇ تۈزۈلسە بەدەننىڭ ھەممىسى تۈزۈلىدۇ، ئۇ بۇزۇلسا، بەدەننىڭ ھەممىسى بۇزۇلىدۇ. بىلىڭلاركى، ئۇ قەلبتۇر»[151] دېگەن ھەدىسى بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىماننىڭ تاكامۇللىقىمۇ قەلبنىڭ ساغلام بولۇشىغا باغلىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە: «بەندىنىڭ قەلبى تۈزەلمىگىچە ئۇنىڭ ئىمانى تولۇقلانمايدۇ، ئۇنىڭ تىلى تۈزەلمىگۈچە ئۇنىڭ قەلبى تۈزەلمەيدۇ»[152] دەپ كۆرسەتكەن. قىيامەت كۈنىدە ئەسقاتىدىغىنىمۇ ساغلام قەلبتۇر. ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى بايان قىلىنغان ئايەتلەردە «ساغلام قەلب» ئىككى ئورۇندا زىكىر قىلىنغان ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇددى جىمى پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى بولغىنىدەك، ساغلام قەلب بابىدىمۇ ئىنسانىيەتكە پېشۋا ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىنغان.

قەلبنى ئىسلاھ قىلىش ئىشى ھەرقانداق بىر ئورگاننى ئىسلاھ قىلىشتىن قىيىن ۋە مۇشەققەتلىك بولغان بىر كۈرەشتۇر. چۈنكى قەلبنى ئىسلاھ قىلىش نەپسنىڭ ئىسيانكارلىقىغا قارشى قاتتىق كۈرەش قىلىپ، ئۇنى يېڭىش بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىش. شۇڭا نەپسنىڭ شۆھرەتكە، مال _ دۇنياغا ۋە ھەر قانداق بىر ئىنسانىي ھەۋەسكە بولغان ھېرىسمەنلىكىنى يېڭەلمىگەنلەر نەپسنى ئىسلاھ قىلىش جېڭىدە يېڭىلگەن بولىدۇ. نەپسنىڭ ئىسيانكارلىقىنى يېڭەلمىگەن ئادەم قەلبىنىمۇ ئىسلاھ قىلالمايدۇ.

### قەلب ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرى چۈشىدىغان جاي

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ تەقى - تۇرقۇڭلارغا ياكى مال _ دۇنيايىڭلارغا قارىمايدۇ. بەلكى سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا ۋە ئەمەلىڭلارغا قارايدۇ»[153] دېگەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، قەلب ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرى چۈشىدىغان جاي.

ئىچكى دۇنياسىنى تۈزەپ، ئۇنى ئىسلام ئەخلاقىي بىلەن پارلىتىشقا ھېچ ئەھمىيەت بەرمەستىن، پەقەت تاشقى كۆرۈنۈشىگىلا ئەھمىيەت بېرىدىغان، كىيىنىش، گەپ _ سۆز ۋە يۈرۈش _ تۇرۇش قاتارلىق ئىشلىرىدا بىرەر ئەيىب _ نۇقسان كۆرۈلۈپ قېلىشىدىن ياكى بىرەر يولسىزلىقى سەۋەبلىك ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا رەسۋا بولۇپ قېلىشتىن قاتتىق ھەزەر قىلىپ، ئۆزىنىڭ تاشقى ئەيىبلىرىنى يوشۇرۇشقا شۇنچىلىك ئەھمىيەت بېرىدىغان ياكى قىسقا بىر تەبىر بىلەن ئېيتقاندا، ئاللاھ تائالا ئەڭ ئاۋۋال قارايدىغان جاينى چىرايلىق كۆرسىتىشكە ئەھمىيەت بەرمەستىن، ئىنسانلار قارايدىغان جايلارنى چىرايلىق، پارقىراق قىلىپ كۆرسىتىشكىلا ئەھمىيەت بېرىدىغانلار رىياكارلادۇر.

زامانىمىزدىكى مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالا نەزەر سېلىپ تۇرىدىغان قەلبىنى ئۇنىڭغا چىرايلىق ۋە پاكىز كۆرسىتىشكە، ئىنسانلار قارايدىغان تاشقى ئەزالىرىنى چىرايلىق، ئېسىل ۋە كۆركەم كۆرسىتىشكە ئەھمىيەت بەرگەنچىلىك ئەھمىيەت بېرىدىغان بولسا ئىدى، ئەھۋال باشقىچە بولغان بولار ئىدى.

---

(151) «صحيح البخاري» 1-توم، 20-بەت، 52-ھەدىس، «صحيح مسلم» 3-توم، 1219-بەت، 1599-ھەدىس.

152«مسند الإمام أحمد» 13071- ھەدىس.

153«صحيح مسلم»4- توم، 1987-بەت، 2564-ھەدىس.

### قەلب ئەڭ ئۆزگىرىشچان ئورگاندۇر

مىقداد ئىبنى ئەسۋەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئادەم بالىسىنىڭ قەلبى خۇددى قايناۋاتقان قازاندىنمۇ بەك ئۆزگىرىشچاندۇر» دېگەن. بۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەمىشە **«اَللَّهُمَّ يَا مُقَلِّبَ الْقُلُوبِ ثَبِّتْ قَلْبِي عَلَى دِيْنِكَ»** يەنى «ئى قەلبلەرنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچى ئاللاھ! مېنىڭ قەلبىمنى دىنىڭدا مۇستەھكەم قىلغىن»[154] دەپ دۇئا قىلىشىدىكى ھېكمەت ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. قەلب سۆزى ئەرەب تىلىدا «ئۆزگىرىش» دېگەن سۆز يىلتىزىدىن چىققان بولۇپ، لۇغەت ئېتىبارى بىلەن ئۆرۈپ چۆرۈگەننى ئىپادىلەيدۇ.

قەلبنى ئىسلاھ قىلىش دېگەن خۇددى ئۆينى سۈپۈرگەندەك كۆڭۈلدىكى يامانلىقلارنى، ئۆچلۈك _ ئاداۋەتلەرنى ۋە بارچە يامان ئىللەتلەرنى بىر قېتىمدىلا سۈپۈرۈپ تاشلاپ قۇتۇلىدىغان ئوڭاي ئىش ئەمەس. بەلكى ئاللاھ تائالادىن ياردەم سوراش بىلەن بىر ۋاقىتتا، نەپسنىڭ ئىسيانكارلىقى ۋە شەيتاننىڭ كۈشكۈرتىشىنى باستۇرۇپ، قەلبنى ھەمىشە ئۆز كونترولىدا تۇتۇپ، سەگەك، ھوشيار بولۇش، سىرتتىن كىرىدىغان مەنىۋى مىكروب تۇمانلىرىدىن قەلبنى قوغداش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

---

[154] «مسند الإمام أحمد» 19-توم، 160-بەت، 12107-ھەدىس.

# ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئوقۇلىدىغان زىكىر ۋە دۇئالارنى داۋاملاشتۇرۇش

## (كۈنلۈك ۋەزىپە)

ھەر كۈنى ئەتىگەندە بامدات نامىزىدىن كېيىن، ئاخشاملىرى شام نامىزىدىن ئىلگىرى ياكى كېيىن، مەخسۇس زىكىر ۋە دۇئالارنى ئوقۇش، تەۋبە- ئىستىغفار ئېيتىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاشلىماي قىلغان سۈننىتى بولۇپ، ھەربىر مۇسۇلماننىڭ بۇنىڭغا ئەمەل قىلىشى ناھايىتى مۇھىمدۇر.

«**أَعُوذُ بِاللهِ السَّمِيعِ العَلِيمِ مِنَ الشّيطَانِ الرّجِيمِ**»يەنى «ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى ۋە ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى ئاللاھقا سېغىنىپ قوغلاندى شەيتاننىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن».

«**بِسْمِ اللَّهِ ٱلرَّحْمَـٰنِ ٱلرَّحِيمِ**» يەنى«ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن».

1.**ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلْعَالَمِيْنَ. ٱلرَّحْمـٰنِ ٱلرَّحِيْمِ. مَـٰلِكِ يَوْمِ ٱلدِّيْنِ. إِيَّاكَ نَعْبُدُ وإِيَّاكَ نَسْتَعِيْنُ. ٱهْدِنَا ٱلصِّرَاطَ ٱلْمُسْتَقِيْمَ. صِرَاطَ ٱلَّذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ ٱلْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلاَ ٱلضَّآلِّيْنَ.**

يەنى «جىمى ھەمدۇ سانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر. قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر. رەببىمىز ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم سورايمىز. بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن. غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا باشلىغىن».

2.**بِسْمِ اللَّهِ ٱلرَّحْمَـٰنِ ٱلرَّحِيمِ.آلم. ذَلِكَ الْكِتَابُ لاَ رَيْبَ فِيهِ هُدًى لِّلْمُتَّقِيْنَ. الَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِالْغَيْبِ وَيُقِيْمُونَ الصَّلاةَ وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنفِقُونَ. والَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِمَا أُنزِلَ إِلَيْكَ وَمَا أُنزِلَ مِن قَبْلِكَ وَبِالآخِرَةِ هُمْ يُوقِنُونَ. أُوْلَئِكَ عَلَى هُدًى مِّن رَّبِّهِمْ وَأُوْلَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ.**

يەنى «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئەلىف، لام، مىم، بۇ كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ھېچ شەك يوق، (ئۇ) تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر. ئۇلار غەيىبكە ئىشىنىدۇ، نامازنى ئادا قىلىدۇ، ئۇلار بىز بەرگەن مال- مۈلۈكتىن (ئاللاھ يولىغا) سەرپ قىلىدۇ. ئۇلار ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا، سەندىن ئىلگىرىكى (پەيغەمبەرلەرگە) نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىشىنىدۇ ۋە ئاخىرەتكە شەكسىز ئىشىنىدۇ. ئەنە شۇلار رەببىنىڭ توغرا يولىدا بولغۇچىلاردۇر، ئەنە شۇلار بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر»[155].

3. **اَللَّهُ لاَ إِلَـهَ إِلاَّ هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ لاَ تَأْخُذُهُ سِنَةٌ وَلاَ نَوْمٌ لَّهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الأَرْضِ مَن ذَا الَّذِي يَشْفَعُ عِنْدَهُ إِلاَّ بِإِذْنِهِ يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيْهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ وَلاَ يُحِيطُونَ بِشَيْءٍ مِّنْ عِلْمِهِ إِلاَّ بِمَا شَاءَ وَسِعَ كُرْسِيُّهُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ وَلاَ يَؤُودُهُ حِفْظُهُمَا وَهُوَ الْعَلِيُّ الْعَظِيْمُ. لاَ إِكْرَاهَ فِي الدِّينِ قَد تَّبَيَّنَ الرُّشْدُ مِنَ الْغَيِّ فَمَنْ يَكْفُرْ بِالطَّاغُوتِ وَيُؤْمِن بِاللهِ فَقَدِ اسْتَمْسَكَ بِالْعُرْوَةِ الْوُثْقَىَ لاَ انفِصَامَ لَهَا وَاللهُ سَمِيْعٌ عَلِيمٌ. اللهُ وَلِيُّ الَّذِينَ آمَنُواْ يُخْرِجُهُم مِّنَ الظُّلُمَاتِ إِلَى النُّوُرِ وَالَّذِينَ كَفَرُواْ أَوْلِيَآؤُهُمُ الطَّاغُوتُ يُخْرِجُونَهُم مِّنَ النُّورِ إِلَى الظُّلُمَاتِأُوْلَئِكَ أَصْحَابُ النَّارِ هُمْ فِيْهَا خَالِدُونَ.**

يەنى «بىر ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر؛ ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ؛ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر؛ ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن؛ ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى، كەينىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ؛ ئۇلار ئاللاھنىڭ مەلۇماتىدىن ئاللاھ ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ، ئاللاھنىڭ مەلۇماتى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاسمان- زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىكتۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر. دىندا زورلاش يوقتۇر، ھىدايەت گۇمراھلىقتىن ئېنىق ئايرىلدى، كىمكى تاغۇت (ساختا ئىلاھلار) نى ئىنكار قىلىپ، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ. ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئاللاھ مۆمىنلەرنىڭ ئىگىسىدۇر، ئۇلارنى (كۇفرىنىڭ) زۇلمىتىدىن (ئىماننىڭ) يورۇقلىقىغا چىقىرىدۇ. كاپىرلارنىڭ ئىگىسى شەيتاندۇر، ئۇلارنى (ئىماننىڭ) يورۇقلىقىدىن (گۇمراھلىقنىڭ) قاراڭغۇلۇقلىرىغا چىقىرىدۇ. ئەنە شۇلار ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر»[156].

---

(155) بەقەرە سۈرىسى: 1-5- ئايەتلەر.

(156) بەقەرە سۈرىسى: 255 - 257 - ئايەتلەر.

**4. لِّلَّهِ ما فِي السَّمَاواتِ وَمَا فِي الأَرْضِ وَإِن تُبْدُواْ مَا فِي أَنفُسِكُمْ أَوْ تُخْفُوهُ يُحَاسِبْكُم بِهِ اللهُ فَيَغْفِرُ لِمَن يَشَاءُ وَيُعَذِّبُ مَن يَشَاءُ وَاللهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيْرٌ. آمَنَ الرَّسُولُ بِمَا أُنزِلَ إِلَيْهِ مِن رَّبِّهِ وَالْمُؤْمِنُونَ كُلٌّ آمَنَ بِاللهِ وَمَلآئِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ لاَ نُفَرِّقُ بَيْنَ أَحَدٍ مِّن رُّسُلِهِ وَقَالُواْ سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا غُفْرَانَكَ رَبَّنَا وَإِلَيْكَ الْمَصِيْرُ. لاَ يُكَلِّفُ اللهُ نَفْسًا إِلاَّ وُسْعَهَا لَهَا مَا كَسَبَتْ وَعَلَيْهَا مَا اكْتَسَبَتْ رَبَّنَا لاَ تُؤَاخِذْنَا إِن نَّسِيْنَا أَوْ أَخْطَأْنَا رَبَّنَا وَلاَ تَحْمِلْ عَلَيْنَا إِصْرًا كَمَا حَمَلْتَهُ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِنَا رَبَّنَا وَلاَ تُحَمِّلْنَا مَا لاَ طَاقَةَ لَنَا بِهِ وَاعْفُ عَنَّا وَاغْفِرْ لَنَا وَارْحَمْنَا أَنتَ مَوْلاَنَا فَانصُرْنَا عَلَى الْقَوْمِ الْكَافِرِيْنَ.**

يەنى «ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى شەيئىلەر ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. دىلىڭلاردىكى (يامانلىقنى) مەيلى ئاشكارا قىلىڭلار، مەيلى يوشۇرۇڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ سىلەردىن ھېساب ئالىدۇ. ئاللاھ خالىغان كىشىگە مەغپىرەت قىلىدۇ، خالىغان كىشىگە ئازاب قىلىدۇ. ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر. پەيغەمبەر رەببى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، مۆمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. (ئۇلار) «ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتماي قالمايمىز)» دەيدۇ. ئۇلار: «بىز (دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق، رەببىمىز، مەغپىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر ياندىغان جايىمىز سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر» دەيدۇ. ئاللاھ ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ. كىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىقى ئۆزىگىدۇر، يامانلىقىمۇ ئۆزىگىدۇر. (ئۇلار): «رەببىمىز! ئەگەر بىز ئۇنتۇساق ياكى خاتالاشساق، بىزنى جازاغا تارتمىغىن. رەببىمىز! بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگىنىڭگە ئوخشاش، بىزگە ئېغىر يۈك يۈكلىمىگىن، رەببىمىز! كۈچىمىز يەتمەيدىغان نەرسىنى بىزگە ئارتمىغىن، بىزنى كەچۈرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن» دەيدۇ»[157].

5. **بِسْمِ اللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ.آلم. اللهُ لاَ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ.**

يەنى «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. ئەلىف، لام، مىم. ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئاللاھ (ھەمىشە) تىرىكتۇر»[158].

**6. وَعَنَتِ الْوُجُوهُ لِلْحَيِّ الْقَيُّومِ وَقَدْ خَابَ مَنْ حَمَلَ ظُلْمًا. وَمَن يَعْمَلْ مِنَ الصَّالِحَاتِ وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَلاَ يَخَافُ ظُلْمًا وَلاَ هَضْمًا.**

يەنى «گۇناھكارلار مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى (مەڭگۈ) ھايات ئاللاھقا ئېگىلىدۇ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلەر شەكسىز زىيان تارتىدۇ. مۆمىن تۇرۇپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار يامانلىقلىرىنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن ۋە ياخشىلىقلىرىنىڭ كېمىيىپ كېتىشىدىن قورقمايدۇ»[159].

7.**حَسْبِيَ اللهُ لاَ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُ وَهُوَ رَبُّ الْعَرْشِ الْعَظِيْمِ.** (يەتتە قېتىم ئوقۇلىدۇ) .

يەنى «ئاللاھ ماڭا كۇپايىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭغا تەۋەككۈل قىلدىم (يەنى ئاللاھقا يۆلەندىم، ئاللاھتىن باشقا ھېچ كىمدىن ئۈمىد كۈتمەيمەن ۋە ھېچ كىمدىن قورقمايمەن)، ئۇ بۈيۈك ئەرشنىڭ رەببىدۇر»[160].

**8. قُلِ ادْعُواْ اللهَ أَوِ ادْعُواْ الرَّحْمَنَ أَيًّا مَّا تَدْعُواْ فَلَهُ الأَسْمَاءُ الْحُسْنَى وَلاَ تَجْهَرْ بِصَلاَتِكَ وَلاَ تُخَافِتْ بِهَا وَابْتَغِ بَيْنَ ذَلِكَ سَبِيْلاً. وَقُلِ الْحَمْدُ لِلّهِ الَّذِي لَمْ يَتَّخِذْ وَلَدًا وَلَم يَكُن لَّهُ شَرِيْكٌ فِي الْمُلْكِ وَلَمْ يَكُن لَّهُ وَلِيٌّ مِّنَ الذُّلَّ وَكَبِّرْهُ تَكْبِيْرًا.**

يەنى «ئاللاھ دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، رەھمان دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، قايسىنى ئاتىساڭلار (ھەممىسى ياخشىدۇر). چۈنكى ئاللاھنىڭ نۇرغۇن گۈزەل ئىسىملىرى بار» دېگىن، نامىزىڭدا (قىرائەتنى بەك) يۇقىرى ئاۋاز بىلەنمۇ ئوقۇمىغىن، پەس ئاۋاز بىلەنمۇ ئوقۇمىغىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوتتۇرا يول تۇتقىن. ئېيتقىنكى، «جىمى ھەمدۇسانا بالىسى بولۇشتىن پاك بولغان، سەلتەنىتىدە شېرىكى بولمىغان، خارلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دوستقا موھتاج بولمىغان ئاللاھقا خاستۇر! ئاللاھنى مۇكەممەل رەۋىشتە ئۇلۇغلىغىن»[161].

**9. أَفَحَسِبْتُمْ أَنَّمَا خَلَقْنَاكُمْ عَبَثًا وَأَنَّكُمْ إِلَيْنَا لَا تُرْجَعُونَ. فَتَعَالَى اللهُ الْمَلِكُ الْحَقُّ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ رَبُّ الْعَرْشِ الْكَرِيمِ. وَمَن يَدْعُ مَعَ اللهِ إِلَهًا آخَرَ لَا بُرْهَانَ لَهُ بِهِ فَإِنَّمَا حِسَابُهُ عِنْدَ رَبِّهِ إِنَّهُ لَا يُفْلِحُ الْكَافِرُونَ. وَقُل رَّبِّ اغْفِرْ وَارْحَمْ وَأَنتَ خَيْرُ الرَّاحِمِيْنَ.**

---

(157) بەقەرە سۈرىسى: 284 - 286 - ئايەتلەر.

(158) ئال ئىمران سۈرىسى: 1 - 2 - ئايەتلەر.

(159) تاھا سۈرىسى: 111 - 112 - ئايەتلەر.

(160) تەۋبە سۈرىسى: 129 - ئايەت.

(161) ئىسرا سۈرىسى: 110 - 111 - ئايەتلەر.

يەنى «ئى ئىنسانلار! بىزنى سىلەر ئۆزەڭلارنى بىكار ياراتتى، ئۆزەڭلارنى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلمايدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟ ھەق - پادىشاھ ئاللاھ ئۇستۈندۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ ئۇلۇغ ئەرشنىڭ رەببىدۇر. كىمكى ھېچقانداق دەلىلى يوق تۇرۇقلۇق ئاللاھقا قوشۇپ يەنە بىر مەبۇدقا ئىبادەت قىلىدىكەن، رەببىنىڭ دەرگاھىدا ھېساب بېرىدۇ، كاپىرلار ھەقىقەتەن نىجات تاپمايدۇ «پەرۋەردىگارىم! مەغپىرەت قىلغىن، رەھىم قىلغىن، سەن رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ياخشىسىسەن» دېگىن»[162].

**10.فَسُبْحَانَ اللَّهِ حِينَ تُمْسُونَ وَحِينَ تُصْبِحُونَ.وَلَهُ الْحَمْدُ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَعَشِيًّا وَحِينَ تُظْهِرُونَ. يُخْرِجُ الْحَيَّ مِنَ الْمَيِّتِ وَيُخْرِجُ الْمَيِّتَ مِنَ الْحَيِّ وَيُحْيِي الْأَرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَا وَكَذَٰلِكَ تُخْرَجُونَ. وَمِنْ آيَاتِهِ أَنْ خَلَقَكُم مِّن تُرَابٍ ثُمَّ إِذَا أَنتُم بَشَرٌ تَنتَشِرُونَ. وَمِنْ آيَاتِهِ أَنْ خَلَقَ لَكُم مِّنْ أَنفُسِكُمْ أَزْوَاجًا لِّتَسْكُنُوا إِلَيْهَا وَجَعَلَ بَيْنَكُم مَّوَدَّةً وَرَحْمَةً إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَآيَاتٍ لِّقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ. وَمِنْ آيَاتِهِ خَلْقُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَاخْتِلَافُ أَلْسِنَتِكُمْ وَأَلْوَانِكُمْ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَآيَاتٍ لِّلْعَالِمِينَ. وَمِنْ آيَاتِهِ مَنَامُكُم بِاللَّيْلِ وَالنَّهَارِ وَابْتِغَاؤُكُم مِّن فَضْلِهِ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَآيَاتٍ لِّقَوْمٍ يَسْمَعُونَ. وَمِنْ آيَاتِهِ يُرِيكُمُ الْبَرْقَ خَوْفًا وَطَمَعًا وَيُنَزِّلُ مِنَ السَّمَاءِ مَاءً فَيُحْيِي بِهِ الْأَرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَا إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَآيَاتٍ لِّقَوْمٍ يَعْقِلُونَ. وَمِنْ آيَاتِهِ أَن تَقُومَ السَّمَاءُ وَالْأَرْضُ بِأَمْرِهِ ثُمَّ إِذَا دَعَاكُمْ دَعْوَةً مِّنَ الْأَرْضِ إِذَا أَنتُمْ تَخْرُجُونَ. وَلَهُ مَن فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ كُلٌّ لَّهُ قَانِتُونَ.**

يەنى «سىلەر ئاخشامدا ۋە ئەتىگەندە، كەچ ۋە پېشىن ۋاقىتلىرىدا ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىڭلار. ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى ھەمدۇ سانانىڭ ھەممىسى ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھ جانسىز نەرسىلەردىن جانلىق نەرسىلەرنى چىقىرىدۇ، جانلىق نەرسىلەردىن جانسىز نەرسىلەرنى چىقىرىدۇ، ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىدۇ، سىلەرمۇ مۇشۇنداق تىرىلدۈرۈلىسىلەر، ئاللاھنىڭ سىلەرنى تۇپراقتىن ياراتقانلىقى، ئاندىن سىلەرنىڭ ئىنسان بولۇپ زېمىندا تارىلىپ يۈرۈشۈڭلار ئاللاھنىڭ(كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر. ئاياللار بىلەن ئۇنسى – ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا (يەنى ئەر – خوتۇن ئارىسىدا) مېھىر – مۇھەببەت ئورناتقانلىقى ئاللاھنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك - شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار. ئاللاھنىڭ ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقانلىقى، تىللىرىڭلارنىڭ، رەڭگىلىرىڭلارنىڭ خىلمۇخىل بولۇشى ئاللاھنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، بۇنىڭدا بىلىملىك كىشىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئالامەتلەر بار. سىلەرنىڭ كېچىسى ۋە كۈندۈزى ئۇخلىشىڭلار، (كۈندۈزى) ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىدىن (رىزىق) تەلەپ قىلىپ (تىرىكچىلىك قىلىشىڭلار) ئاللاھنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، شەك – شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا ئاڭلايدىغان قەۋم ئۈچۈن نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار. ئاللاھنىڭ سىلەرگە چاقماقنى قورقۇنچ ۋە ئۈمىد قىلىپ كۆرسىتىشى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرۈشى ئاللاھنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، چۈشىنەلەيدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا، شەك – شۈبھىسىزكى، نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار. ئاللاھنىڭ ئاسمان _ زېمىننى ئۆز ئەمرى بىلەن (مۇئەللەق) تۇرغۇزۇشى ئاللاھنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، ئاندىن ئاللاھ (قەبرىلەردە كۆمۈلۈپ ياتقان) سىلەرنى يەر ئاستىدىن چاقىرسا، دەرھال چىقىسىلەر ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە ئاللاھنىڭدۇر. ھەممە ئاللاھقا بويسۇنغۇچىدۇر»[163].

**11. بِسْمِ اللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيم. حم.تَنْزِيلُ الْكِتَابِ مِنَ اللَّهِ الْعَزِيْزِ الْعَلِيْمِ. غَافِرِ الذَّنبِ وَقَابِلِ التَّوْبِ شَدِيْدِ الْعِقَابِ ذِي الطَّوْلِ لاَ إِلَـهَ إِلاَّ هُوَ إِلَيْهِ الْمَصِيْرُ.**

يەنى «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ھامىم. (بۇ) كىتاب (يەنى قۇرئان) غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر. (ئاللاھ) گۇناھنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، تەۋبىنى قوبۇل قىلغۇچىدۇر. (ئاللاھنىڭ) ئازابى قاتتىقتۇر، (ئاللاھ) ئىنئام ئىگىسىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاقىۋەت قايتىدىغان جاي ئۇنىڭ دەرگاھىدۇر»[164].

**12. هُوَ اللَّهُ الَّذِي لَا إِلَـهَ إِلَّا هُوَ عَالِمُ الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ هُوَ الرَّحْمَنُ الرَّحِيْمُ . هُوَ اللَّهُ الَّذِي لَا إِلَـهَ إِلَّا هُوَ الْمَلِكُ الْقُدُّوسُ السَّلَامُ الْمُؤْمِنُ الْمُهَيْمِنُ الْعَزِيزُ الْجَبَّارُ الْمُتَكَبِّرُ سُبْحَانَ اللَّهِ عَمَّا يُشْرِكُونَ. هُوَ اللَّهُ الْخَالِقُ الْبَارِئُ الْمُصَوِّرُ لَهُ الْأَسْمَاءُ الْحُسْنَى يُسَبِّحُ لَهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَهُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيْمُ.**

يەنى «ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ يوشۇرۇننى، ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر، ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر (يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) كەڭ رەھمەت ئىگىسىدۇر. )ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ

(162) نۇر سۈرىسى: 115 - 118 - ئايەتلەر.
(163) رۇم سۈرىسى: 17 - 26 - ئايەتلەر.
(164) غافىر سۈرىسى: 1 - 3 - ئايەتلەر.

يوقتۇر، ئۇ (مۇتلەق) پادىشاھتۇر،(جىمى نۇقساندىن) پاكتۇر، (مۆمىنلەرگە) سالامەتلىك بېغىشلىغۇچىدۇر، ئەمىن قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، غالىبتۇر، قەھر قىلغۇچىدۇر، ئۇلۇغلۇق ئىگىسىدۇر، (مۇشرىكلارنىڭ) شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر. ئاللاھ (ھەممىنى) ياراتقۇچى ۋە پەيدا قىلغۇچىدۇر، (ھەممە نەرسىگە) سۈرەت (شەكىل) بېغىشلىغۇچىدۇر، ئەڭ چىرايلىق ئىسىملارغا ئىگىدۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ، ئۇ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»(165).

**13. بِسْمِ اللَّهِ ٱلرَّحْمَـٰنِ ٱلرَّحِيمِ.إِذَا زُلْزِلَتِ الْأَرْضُ زِلْزَالَهَا. وَأَخْرَجَتِ الْأَرْضُ أَثْقَالَهَا. وَقَالَ الْإِنسَانُ مَا لَهَا. يَوْمَئِذٍ تُحَدِّثُ أَخْبَارَهَا. بِأَنَّ رَبَّكَ أَوْحَى لَهَا. يَوْمَئِذٍ يَصْدُرُ النَّاسُ أَشْتَاتًا لِّيُرَوْا أَعْمَالَهُمْ. فَمَن يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ خَيْرًا يَرَهُوَمَن يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ شَرًّا يَرَهُ.**

يەنى «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. زېمىن قاتتىق تەۋرىتىلگەندە، زېمىن (قويىندىكى) يۈكلىرىنى چىقارغاندا، ئىنسان ئۇنىڭغا:«نېمە بولدى؟» دېگەندە، بۇ كۈندە زېمىن ئۆزىنىڭ خەۋەرلىرىنى مەلۇم قىلىدۇ. (ئۇنىڭ مەلۇم قىلىشى) رەببىنىڭ ئۇنى شۇنداق قىلىشقا ئەمر قىلغانلىقىدىندۇر. بۇ كۈندە كىشىلەر قىلغان ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن توپ - توپ بولۇپ تارىلىپ كېتىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ»(166).

**14. بِسْمِ اللَّهِٱلرَّحْمَـٰنِ ٱلرَّحِيمِ. قُلْ يَا أَيُّهَا الْكَافِرُونَ. لَا أَعْبُدُ مَا تَعْبُدُونَ. وَلَا أَنْتُمْ عَابِدُونَ مَا أَعْبُدُ. وَلَا أَنَا عَابِدٌ مَا عَبَدْتُمْ. وَلَا أَنْتُمْ عَابِدُونَ مَا أَعْبُدُ. لَكُمْ دِينُكُمْ وَلِيَ دِينِ.**

يەنى «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئېيتقىنكى،ئى كاپىرلار! سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارغا مەن چوقۇنمايمەن. سىلەرمۇ مەن ئىبادەت قىلىۋاتقان ئاللاھقا ئىبادەت قىلمايسىلەر. سىلەر چوقۇنغان بۇتلارغا مېنىڭ چوقۇنغىنىم يوق. سىلەرنىڭمۇ مەن ئىبادەت قىلغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلغىنىڭلار يوق. سىلەرنىڭ دىنىڭلار ئۆزەڭلار ئۈچۈن، مېنىڭ دىنىممۇ ئۆزەم ئۈچۈن»(167).

**15. بِسْمِ اللَّهِ ٱلرَّحْمَـٰنِ ٱلرَّحِيمِ.إِذَا جَاءَ نَصْرُ اللَّهِ وَالْفَتْحُ. وَرَأَيْتَ النَّاسَ يَدْخُلُونَ فِي دِينِ اللَّهِ أَفْوَاجًا. فَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ وَاسْتَغْفِرْهُ إِنَّهُ كَانَ تَوَّابًا.**

يەنى «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەن ۋە ئاللاھنىڭ دىنىغا كىشىلەرنىڭ توپ - توپ بولۇپ كىرگەنلىكىنى كۆرگىنىڭدە رەببىڭگە تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدۇسانا ئېيتقىن ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇر»(168).

**16. بِسْمِ اللَّهِ ٱلرَّحْمَـٰنِ ٱلرَّحِيمِ. قُلْ هُوَ اللَّهُ أَحَدٌ. اللَّهُ الصَّمَدُ. لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ. وَلَمْ يَكُنْ لَهُ كُفُوًا أَحَدٌ.**(ئۈچ قېتىم).

يەنى «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. (ئى پەيغەمبەر! سەندىن سورىغانلارغا) ئېيتقىنكى، (سىلەر بىلمەكچى بولغان) ئۇ ئاللاھ يەككە _ يېگانىدۇر، ئاللاھ ھېچكىمگە موھتاج ئەمەس، ئەكسىچە، ھەممە ئۇنىڭغا موھتاجدۇر. ئۇ بالىلىق بولغانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ»(169).

**17. بِسْمِ اللَّهِ ٱلرَّحْمَـٰنِ ٱلرَّحِيمِ. قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ الْفَلَقِ. مِنْ شَرِّ مَا خَلَقَ. وَمِنْ شَرِّ غَاسِقٍ إِذَا وَقَبَ. وَمِنْ شَرِّ النَّفَّاثَاتِ فِي الْعُقَدِ. وَمِنْ شَرِّ حَاسِدٍ إِذَا حَسَدَ.**(ئۈچ قېتىم).

يەنى «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، (ئى پەيغەمبەر! سەن) «مەخلۇقاتنىڭ يامانلىقىدىن، قاراڭغۇلۇققا تولغان كېچىنىڭ يامانلىقىدىن، چېگىكلەرگە دەم سالىدىغان سېھىرگەرلەرنىڭ يامانلىقىدىن، ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان چاغدىكى يامانلىقىدىن سۈبھىنىڭ رەببى (بولغان ئاللاھ)گە سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن » دېگىن»(170).

**18. بِسْمِ اللَّهِ ٱلرَّحْمَـٰنِ ٱلرَّحِيم. قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ النَّاسِ. مَلِكِ النَّاسِ. إِلَـهِ النَّاسِ. مِنْ شَرِّ الْوَسْوَاسِ الْخَنَّاسِ. الَّذِي يُوَسْوِسُ فِي صُدُورِ النَّاسِ. مِنَ الْجِنَّةِ وَالنَّاسِ.** (ئۈچ قېتىم).

---

(165) ھەشىر سۈرىسى: 22 - 24 - ئايەتلەر.
(166) زەلزەلە سۈرىسى.
(167) كافىرۇن سۈرىسى.
(168) نەسر سۈرىسى.
(169) ئىخلاس سۈرىسى.
(170) فەلەق سۈرىسى.

يەنى «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. (ئى پەيغەمبەر! سەن) «ئىنسانلارنىڭ رەببى، ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى (بولغان ئاللاھ) غا سىغىنىپ، كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا بەزىدە ۋەسۋەسە قىلىپ، بەزىدە يوشۇرۇنۇۋالىدىغان جىن شەيتاننىڭ ۋە ئادىمىي شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن» دېگىن»[171].

**19. أَصْبَحْنَا وَأَصْبَحَ الْمُلْكُ لِلهِ**(ئاخشاملىرى:«**أَمْسَيْنَاوَأَمْسَى الْمُلْكُ لِلَّهِ**» دەپ ئوقۇلىدۇ)**والْحَمْدُ لِلَّهِ، لاَشَرِيْكَ لَـهُ لاَاِلَـهَ اِلاَّ هُوَ، وَإِلَيْهِ النُّشُورُ**(ئاخشاملىرى:«**وَاِلَيْهِ الْمَصَيْرُ**»دەپ ئوقۇلىدۇ).

يەنى «پادىشاھلىقىنىڭ ئاللاھقا خاس ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلغان ھالدا ئەتىگەنلىكنى باشلىدۇق (ئاخشاملىققا كىردۇق). جىمى ھەمدۇ سانا ئاللاھقا خاستۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوق، ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق، بىزنىڭ تىرىلىدىغان جايىمىز ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر (بىزنىڭ قايتىدىغان جايىمىز ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر)»[172].

**20. أصْبَحْنا** (ئاخشاملىرى:«**أَمْسَيْنَا**» دەپ ئوقۇلىدۇ) **عَلَى فِطْرَةِ اْلإِسْلاَمِ، وَعَلى كَلِمَـةِ اْلإِخْلاَصِ، وَعَلَى دِينِ نَبِينـا مُحَمَّدٍ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ، وَعَلَى مِلَّةِ أَبِيْنَا إبرَاهِيْمَ حَنِيْفاً مُسْلِماً وَمَا كَانَ مِنَ الْمُشْرِكِيْنَ.**

يەنى «ئىسلامىي يارىتىلىشقا، ئىخلاس كەلىمىسى (كەلىمە تەييىبە)گە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ۋە ئاتىمىز ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مىللىتىگە مۇستەھكەم بولغان، توغرا دىنغا ئەگەشكەن ھالدا ئەتىگەن تۇردۇق (كەچ قىلدۇق)، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلەردىن ئەمەس ئىدى»[173].

21. **اَللَّهُمَّ إِنِّي أَصْبَحْتُ مِنْكَ فِي نِعْمَةٍ وَعَافِيَةٍ وَسِتْرٍ، فَأَتِمْ عَلَيَّ نِعْمَتَكَ وَعَافِيَتَكَ وَسِتْرَكَ فِي الدُّنْيَا وَاْلآخِرَةِ.** (ئۈچ قېتىم).

يەنى «ئى ئاللاھ! مەن سەن تەرەپتىن بېرىلگەن نېمەت، ئامانلىق ۋە مەغپىرەت ئىچىدە تاڭ ئاتقۇزدۇم. ئى ئاللاھ! نېمىتىڭنى، ئامانلىقىڭنى ۋە مەغپىرىتىڭنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ماڭا تولۇقلاپ بەرگىن»[174].

22. **اَللَّهُمَّ مَا أَصْبَحَ بِي** (ئاخشاملىرى:«**ماَ اَمْسَى بِي**»دەپ ئوقۇلىدۇ) **مِنْ نِعْمَةٍ أو بأحَدٍ مِنْ خَلْقِكَ، فَمِنْكَ وَحْدَكَ لاَ شَرِيْكَ لَكَ، فَلَكَ الْحَمْدُ وَلَكَ الشُّكْرُ، ياَ رَبِّ لَكَ الْحَمْدُ كَماَ يَنْبَغِي لِجَلاَلِ وَجْهِكَ وَعَظِيْمِ سُلْطَانِكَ.** (ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).

يەنى «ئى ئاللاھ! ماڭا ياكى بەندىلىرىڭدىن بىرەرسىگە ئەتىگەندە (ئاخشامدا) ئاتا قىلىنغان قانداقلا بىر نېمەت بولمىسۇن، ئۇ چوقۇم سېنىڭدىندۇر. سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوق، ھەمدۇ سانا ۋە شۈكۈر پەقەت ساڭىلا خاستۇر. رەببىم! سېنىڭ پادىشاھلىقىڭنىڭ كاتتىلىقى ۋە مەرتىبەڭنىڭ ئۇلۇغلىقىغا لايىق كېلىدىغان ھەمدۇ سانا ساڭا خاستۇر»[175].

23. **يَا رَبِّ لَكَ الْحَمْدُ كَمَا يَنْبَغِى لِجَلاَلِ وَجْهِكَ وَلِعَظِيمِ سُلْطَانِكَ.** (ئۈچ قېتىم).

يەنى «ئى رەببىم! سېنىڭ ئۇلۇغ زاتىڭغا ۋە كاتتا پادىشاھلىقىڭغا لايىق كېلىدىغان ھەمدۇ سانا ساڭا خاستۇر»[176].

24. **رَضِيْتُ بِاللهِ رَبّاً، وباْلإِسْلاَمِ دِيْناً، وَ بِنَبِيّناَ مُحَمَّدٍ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نَبِيّاً وَرَسُولاً.** (ئۈچ قېتىم).

يەنى «ئىگەم ئاللاھ، دىنىم ئىسلام، پەيغەمبىرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلدىم»[177].

25. **سُبْحَانَ اللهِ وَبِحَمْدِهِ عَدَدَ خَلْقِهِ، وَرِضَا نَفْسِهِ، وَزِنَةَ عَرْشِهِ وَمِدَادَ كَلِمَاتِهِ.** (ئۈچ قېتىم).

يەنى «ئاللاھ پاكتۇر، ئۇ مەخلۇقاتلىرىنىڭ ھېسابىچە، ئەرشىنىڭ زىنىنەتلىرىچە، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى يېزىشقا يېتەرلىك سىيالارغىچە ۋە ئۆزى مەمنۇن بولغىچە ھەمدۇ ساناغا لايىقتۇر»[178].

26. **بِسْمِ اللهِ الَّذِي لاَ يَضُرُّ مَعَ اِسْمِهِ شَيْءٌ فِي اْلأَرْضِ وَلاَ فِي السَّمَاءِ وَهُوَ السَّمِيْعُ العَلِيْمُ.** (ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).

يەنى «نامىنى ئاتىغان كىشىگە ئاسمان ۋە زېمىندە ھېچنەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ ۋە كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر»[179].

---

(171) ناس سۈرىسى.
(172) «سنن الترمذي» 5-توم، 333-بەت، 3391-ھەدىس.
(173) «مسند الإمام أحمد» 24-توم، 77-بەت، 15360-ھەدىس.
(174) «عمل اليوم والليلة سلوك النبي مع ربه عز وجل ومعاشرته مع العباد» 52-بەت، 55-ھەدىس.
(175) «الدعاء للطبراني» 116- بەت، 306-ھەدىس. «سنن ابن ماجه» 2-توم، 1249-بەت، 3801-ھەدىس.
(176) «سنن ابن ماجه» 2-توم، 1249-بەت، 3801-ھەدىس.
(177) «مسند الإمام أحمد» 3-توم، 134-بەت، 1565-ھەدىس.
(178) «صحيح مسلم» 4-توم، 2091-بەت، 2726-ھەدىس.
(179) «مسند الإمام أحمد» 1-توم، 498-بەت،446-ھەدىس.

27. **اللَّهُمَّ إِنَّا نَعُوذُ بِكَ مِنْ أَنْ نُشْرِكَ بِكَ شَيْئاً نَعْلَمُهُ وَنَسْتَغْفِرُكَ لِمَا لاَ نَعْلَمُ.** (ئۈچ قېتىم).

يەنى «ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ، بىلىپ تۇرۇپ ساڭا شېرىك كەلتۈرۈشتىن پاناھ تىلەيمىز ۋە بىلمەستىن سادىر قىلىپ سالغان گۇناھلىرىمىزغا مەغپىرەت سورايمىز»(180).

28. **أَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللهِ التَّامَّاتِ مِنْ شَرِّ مَا خَلَقَ.** (ئاخشىمى ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).

يەنى «ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ كەلىمىلىرىگە سېغىنىپ مەخلۇقاتىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن»(181).

29. **اللَّهُمَّ إِنِّى أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْهَمِّ وَالْحَزَنِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنَ الْعَجْزِ وَالْكَسَلِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنَ الْجُبْنِ وَالْبُخْلِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ غَلَبَةِ الدَّيْنِ وَقَهْرِ الرِّجَالِ.** (ئۈچ قېتىم ئوقۇيدۇ).

يەنى «ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ غەم ـ ئەندىشىدىن، ئىچى پۇشقىدىن پاناھ تىلەيمەن، ساڭا سېغىنىپ ئاجىزلىقتىن ۋە ھورۇنلۇقتىن پاناھ تىلەيمەن، ساڭا سېغىنىپ قورقۇنچاقلىقتىن ۋە بېخىللىقتىن پاناھ تىلەيمەن، ساڭا سېغىنىپ قەرزگە بوغۇلۇپ قېلىشتىن ۋە ئەرلەرنىڭ مېنى مەغلۇپ قىلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن»(182).

30. **اَللَّهُمَّ عَافِنِي فِي بَدَنِي، اَللَّهُمَّ عَافِنِي فِي سَمْعِي، اَللَّهُمَّ عَافِنِي فِي بَصَرِي، لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ، اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْكُفْرِ، وَالْفَقْرِ. اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوْذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ، لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ.** (ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).

يەنى «ئى ئاللاھ! بەدىنىمنى ساق قىلغىن. ئى ئاللاھ! كۆزۈمنى ساق قىلغىن. ئى ئاللاھ! قۇلىقىمنى ساق قىلغىن. ھەقىقەتەن سەندىن باشقا ئىلاھى مەبۇد يوقتۇر. ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ كۇپۇرلۇقتىن ۋە پېقىرلىقتىن پاناھ تىلەيمەن، قەبرى ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن. ھەقىقەتەن سەندىن باشقا ئىلاھى مەبۇد يوقتۇر»(183).

31. **اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوْذُ بِكَ مِنَ الْكُفْرِ، وَالْفَقْرِ. اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوْذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ، لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ.** (ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).

يەنى «ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ كۇپۇرلۇقتىن ۋە پېقىرلىقتىن پاناھ تىلەيمەن، قەبرى ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن. ھەقىقەتەن سەندىن باشقا ئىلاھى مەبۇد يوقتۇر»(184).

32. **اَللَّهُمَّ أَنْتَ رَبِّي لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ، خَلَقْتَنِي وَأَنَا عَبْدُكَ وَأَنَا عَلَى عَهْدِكَ وَوَعْدِكَ مَا اسْتَطَعْتُ،أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَاصَنَعْتُ، أَبُوءُ لَكَ بِنِعْمَتِكَعَلَيَّ، وَأَبُوءُبِذَنْبِي، فَاغْفِرْ لِي، فَإِنَّهُ لاَيَغْفِرُ الذُّنُوْبَ إِلاَّ أَنْتَ.**

يەنى «ئى ئاللاھ! سەن مېنىڭ رەببىمسەن، سەندىن باشقا مەبۇد يوق، سەن مېنى ياراتتىڭ، مەن سېنىڭ بەندەڭ، مەن ئەھدەڭنى ۋە ۋەدەڭنى كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىمەن. ساڭا سېغىنىپ ئىشلىرىمنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن. ماڭا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىڭنى تونۇيمەن ۋە گۇناھلىرىمنى ئېتىراپ قىلىمەن. ئى ئاللاھ! گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ھەقىقەتەن گۇناھلارنى سەندىن بۆلەك مەغپىرەت قىلغۇچى يوقتۇر»(185).

33. **اَسْتَغْفِرُاللهَ الْعَظِيْمَ الَّذِي لاَ اِلَهَ اِلاَّ هُوَالْحَيُّ الْقَيُومُ وَاَتُوْبُ اِلَيْهِ.** (ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).

يەنى «ئۇنىڭدىن بۆلەك ئىلاھى مەبۇد بولمىغان، ھەمىشە تىرىك بولغۇچى ۋە ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى ئۇلۇغ ئاللاھتىن مەغپىرەت سورايمەن ۋە ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىمەن»(186).

34. **اَللَّهُمَّ صَلِّ عَلَى مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ، كَمَا صَلَّيْتَ عَلَى إِبْرَاهِيْمَ وَعَلَى آلِ إِبْرَاهِيْمَ إِنَّكَ حَمِيْدٌ مَجِيْدٌ. اَللَّهُمَّ بَارِكْ عَلَى مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ، كَمَا بَارَكْتَ عَلَى إِبْرَاهِيْمَ وَعَلَى آلِ إِبْرَاهِيْمَ إِنَّكَ حَمِيْدٌ مَجِيْدٌ.** (10قېتىم ئوقۇلىدۇ).

يەنى «ئى ئاللاھ! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا رەھمەت قىلغانىدەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا رەھمەت قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن ماختاشقا لايىق ۋە ئۇلۇغ مەرتىبىلىك زاتسەن. ئى ئاللاھ! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ نام ـ نىشانىسىنى مەڭگۈ قىلغانىدەك، مۇھەممەد

---

(180) «مسند الإمام أحمد» 32-توم، 383-بەت، 19606-ھەدىس.
(181) «مسند الإمام أحمد» 11-توم، 295-بەت، 6696-ھەدىس.
(182) «سنن أبي داود» 2-توم، 90-بەت، 1540-ھەدىس.
(183) «سنن أبي داود» 4-توم، 324- بەت، 5090-ھەدىس.
(184) «سنن أبي داود» 4-توم، 324- بەت، 5090-ھەدىس.
(185) «صحيح البخاري» 8-توم، 67- بەت، 6306-ھەدىس.
(186) «سنن الترمذي» 5-توم، 461- بەت، 3577-ھەدىس.

ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ نام ـ نىشانىسىنى مەڭگۈ قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن ماختاشقا لايىق ۋە ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك زاتسەن»[187].

35. **سُبْحَانَ اللَّهِ وَالْحَمْدُ لِلَّهِ وَلاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَاللَّهُ أَكْبَرُ.** (يۈز قېتىم ئوقۇيدۇ)

يەنى «ئاللاھ پاكتۇر، ھەمدۇ سانا ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھىي مەبۇد يوقتۇر، ئاللاھ ھەممىدىن بۈيۈكتۇر»[188].

36. **لاَ إِلَٰهَ إِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيْكَ لَهُ. لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيْرٌ.** (يۈز قېتىم ئوقۇلىدۇ).

يەنى «ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق، ئاللاھ يالغۇزدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە ھەمدۇ سانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەممە نەرسىگە كۈچى يەتكۈچىدۇر»[189].

37. **سُبْحَانَكَ اللَّهُمَّ وَبِحَمْدِكَ لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ أَسْتَغْفِرُكَ وَأَتُوبُ إِلَيْكَ.** (ئۈچ قېتىم).

يەنى «ئى ئاللاھ! سەن پاكتۇرسەن، ھەمدۇ سانا ساڭا خاستۇر، سەندىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، ئى ئالاھ! سەندىن مەغپىرەت تىلەيمەن ۋە گۇناھلىرىمغا تەۋبە قىلىمەن»[190].

38. **اَللَّهُمَّ صَلِّ عَلىَ سَيِّدِناَ مُحَمَّدٍ عَبْدِكَ وَ نَبِيِّكَ وَرَسُولِكَ النَّبِيِّ الْاُمِّيِ وَ عَلىَ آلِـهِ وَصَحْبِهِ وَسَلِّمْ تَسْلِيْماً عَدَدَ ماَ اَحاَطَ بِـهِ عِلْمُكَ وَخَطَّ بِـهِ قَلَمُكَ وَاَحْصاَهُ كِتاَبُكَ، وارْضَ اَللَّهُمَّ عَنْ ساَدَاتِنَا اَبِي بَكْرٍ وَعُمَرَ وَ عُثْماَنَ وَعَلِيِّ وَعَنْ الصَّحاَبَةِ اَجْمَعِيْنَ وَعَنْ التَّابِعِيْنَ وَتَابِعِيْهِمْ بِاِحْسَانٍ اِلَى يَوْمِ الدِّيْنِ. سُبْحَانَ رَبِّكَ رَبِّ الْعِزَّةِ عَمَّا يَصِفُونَ وَسَلاَمٌ عَلَى الْمُرْسَلِيْنَ وَالْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِيْنَ.**

يەنى « ئى ئاللاھ! بىزنىڭ سۆيۈملۈك يولباشچىمىز، سېنىڭ ئىلاھىي مەكتىبىڭدىن باشقا مەكتەپ كۆرمىگەن ئەزىز بەندەڭ ۋە بەرھەق پەيغەمبىرىڭ ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە سېنىڭ ئىلمىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان، قەلىمىڭ يازغان ۋە لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرىلەنگەن جىمى شەيئىلەرنىڭ سانىچىلىك رەھمەت يوللىغىن، شەنىنى ئۇلۇغ قىلغىن ۋە نام – نىشانىسىنى مەڭگۈلۈك قىلغىن. ئى ئاللاھ! بىزنىڭ ھىدايەت يۇلتۇزلىرىمىز بولغان ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى ۋە جىمى ساھابىلاردىن، ساھابىلار بىلەن ئۇچراشقان ئىككىنچى ئەۋلاد كىشىلىرىدىن، ھىدايەت ۋە ياخشى ئىشلاردا تا قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن مۆمىن، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزدىن رازى بولغىن. قۇدرەت ئىگىسى بولغان رەببىم كۇففارلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن پاكتۇر. پەيغەمبەرلەرگە سالام بولسۇن! جىمى ھەمدۇ سانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر!».

(187) «صحيح البخاري» 8-توم، 77- بەت، 6360-ھەدىس.
(188) «صحيح مسلم» 4 -توم، 2071- بەت،2692-ھەدىس.
(189) «صحيح البخاري» 4-توم، 126- بەت،3293-ھەدىس.
(190) «سنن أبي داود» 4-توم، 264- بەت،4857-ھەدىس.